


باتۇر داۋۇت قۇرىغار

# بەشىنچى قۇتۇپتىكى مەخپىيەت

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

باتۇر داۋۇت قۇرغار

# بەشىنچى قۇتۇپتىكى مەخپىيەت

(ھېكايىلار)

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

**图书在版编目（CIP）数据**

星际秘密/巴图尔·达吾提著.　喀什：喀什维吾尔文出版社，2002.7
ISBN 7－5373－1011－4

Ⅰ.星…　Ⅱ.巴…　Ⅲ.科学幻想小说－作品集－中国－当代－维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I247.7

中国版本图书馆CIP数据核字（2002）第055159号

**喀什维吾尔文出版社出版发行**
（喀什市塔吾古孜路14号　邮编：844000）
**各地新华书店经销**
**喀什维吾尔文出版社编辑部排版**
**喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷**
787×1092 毫米 1/32 开本 5.125 印张
2002年7月第1版　2002年7月第1次印刷
印数：1－－2500 定价：8.00元

## مۇندەرىجە


تىرىلگەن ئەرۋاھ ........................ 1
چاشقان .......................... 17
ھالاكەت بوسۇغىسىدا .................. 34
بەشىنچى قۇتۇپتىكى مەخپىيەت ............ 48
بىكىنىڭ يۇرىكى ..................... 62
بىلەرمەن ئەپەندى...................... 107
تەمەخور ......................... 128
گۇمان ........................... 139
سۆيگۈ ئوغرىسى ..................... 148

# تىرىلگەن ئەرۋاھ

ئالىي مەكتەپنىڭ ئوتتۇق ئىسىملىك بىر ئوقۇغۇچىسى ئوقۇش پۈتكۈزۈش دىسسېرتاتسىيىسىگە «يەرشارىنىڭ مەخ- پىيىتى— ھەيۋەتلىك تاغ تىزمىلىرىنىڭ يىلتىز قانۇنىيى- تى» ناملىق تېمىنى تاللىدى.

ئۇ، جاپالىق ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش بەدىلىگە ئا- خىرى «تاغ جىنسلىرىنىڭ چۆكمە تەكشۈكلۈكى ۋە تاغ تىز- مىلىرىنىڭ يىلتىز قانۇنىيىتى» دىن ئىبارەت ھەل قىلغۇچ نەتىجىگە ئېرىشتى. ناۋادا بۇ نەتىجە ئېلان قىلىنسا دۇنيا ئىلىم - پەن جامائەتچىلىكى ئىچىدە زىلزىلە پەيدا قىلىشى شۈبھىسىز ئىدى. ئۇ مۇۋەپپەقىيەت خۇشاللىقىدا ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا ئامالسىز ئىدى. ئۇ، ئۆزىگە كەلگۈسى شان- شەرەپ ۋە نام - ئاتاقنى تەقدىم قىلىش ئالدىدا تۇرغان، ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى دېڭىز يۈزىدىن تۆت مىڭ بەش يۈز مېتىر كېلىدىغان يەر شارىدىكى ئەڭ ئېگىز قۇرۇقلۇقتىكى ھىمالايا تېغى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ جومولاڭما چوققىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئىستىكىدە ئوت بولۇپ ياناتتى. ئانا يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقان بوۋىقىغا ئامراق بولغاندەك، باغۋەن كۆپ يىللىق ئەجرىنىڭ مەھسۇلاتى بولغان ئەڭ

ئىسىل سورتلۇق مېۋىسىنىڭ كۆچىتىنى تۇجۇپىلەپ پەر-ۋىش قىلغاندەك بۇ ھېسسىيات چۈشىنىشلىك، ئەلۋەتتە. ئۇ ساۋاقدىشى ۋە ئەڭ يېقىن دوستى ۋارىسقا بۇ نىيىتىنى ئىزھار قىلدى. ۋارىس دوستىنىڭ ئويلىغىنىنى توغرا تې-پىپ، ئۇنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىغا ياردەم بەرمەكچى بولدى. مانا مۇشۇنىڭ بىلەن پاجىئە— ئىنتايىن تەسىرلىك بىر ۋەقە يۈز بەردى.

ئۇتتۇق بىلەن ۋارىس ئىككىز ھاۋا شارائىتىغا ماسلاشتۇ-رۇپ لايىھىلەنگەن كىچىك تىپتىكى ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ يولغا چىقتى. ھەيۋەتلىك تاغلارنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى قانغۇچە تاماشا قىلىپ، ئاۋازدىن تېز ئۇچىدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك، يەرگە تىك ئۇچۇپ چۈشەلەيدىغان ئايروپىلان-نى بىر يانتۇلۇقنىڭ ئاستىدىكى كىچىككىنە تەكشىلىكتە توختىتىپ قويۇپ ئەۋرىشكە يىغىۋاتقان چاغدا، ئۇشتۇمتۇت يانتۇلۇقنىڭ ئۈستىدىن سىيرىلىپ چۈشكەن يوغان بىر پارچە مۇز ئايروپىلانغا سوقۇلدى. مۇشۇ سەۋەبتىنلا يېقىل-غۇ سەرپىياتىنى مەلۇم قىلىش ئەسۋابى بىلەن قوشۇمچە قۇياش ئېنېرگىيىسىنى يېقىلغۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلمى-سى كاردىن چىققان ئىدى.

كىم بىلسۇن، ئۇلار خاتىرجەم ھالدا ئىشنى تۈگى-تىپ قايتىۋاتقاندىلا كاشىلىنىڭ چوڭلۇقى سېزىلدى. ئۇ-زاق ئۆتمەيلا يېقىلغۇ پۈتۈنلەي تۈگىدى. قوشۇمچە قۇياش ئېنېرگىيىسى بىلەن تەمىنلەش سىستېمىسىمۇ ئىشلىمى-دى. خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىسى بىلەن جىددىي ياردەم تە-لەپ قىلغان ھالەتتىمۇ قۇتقۇزغۇچىلار يېتىپ كەلگۈچە ئاي-

-روپىلاننىڭ چۈشۈپ كېتىشى ئېنىق بولۇپ قالغان ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ بىردىنبىر ئامال ئايروپىلاننىڭ ئېغىرلىقىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ پلانېر-سىمان لەيلەش ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىپ بار ئىمكانىيەت بىلەن بىخەتەر جايغا بېرىۋېلىش. ۋارىسنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى. ئۇ: «بىز ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرۇۋەر-سەك بولمايدۇ، سەن تەتقىق قىلغان تېما ئىنتايىن مۇھىم، ئۇنى يوقىتىۋەتسەك ئېچىنىشلىق بولىدۇ» دېدى ۋە دوستى-نىڭ گەپ قىلىشىغا پۇرسەت قالدۇرماي ئاپتوماتىك هالدا ئايروپىلاننىڭ سىرتىغا ئېتىپ چىقىرىش كۇنۇپكىسىنى بې-سىۋەتتى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئەزىمەت ئىنسانىيەت ئىلىم-پەن تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن هاياتىنى تەقدىم قىلدى. ماتورى هەرىكەتتىن توختاپ نورمال كونتروللۇقتىن مەھ-رۇم بولغان ئايروپىلان شالاڭ هاۋادا تېز پەسلىگەن بولسى-مۇ، خېلى ئۇزاق مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ ئاخىرى پاكار بىر قىياغا ئۇرۇلدى.

روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى.

ئۇتۇق كارىۋاتتا ياتاتتى:

— مەن هوشۇمغا كەلسەم دوختۇرخانىدا يېتىپتىمەن، بىر ئالپىنىستلار ئەترىتىگە يولۇقۇپ قالمىغان بولسام بىر قېتىملىق قار كۆچۈشتە كۆمۈلۈپ قالاركەنمەن،— دېدى ئۇتۇق هەسرەتلىك تىنىپ،— ئۇنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاش ئۈچۈن قايغۇمنى كۆچكە ئايلاندۇرۇپ پۈتۈن زېھنىم، ئەقىل - پاراسىتىمنى يىغىپ تەتقىقاتىمنى ئاياغلاشتۇردۇم. دىسسېرتاتسىيە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. كىشىلەر دوس-

ىتۇمىنىڭ ھاياتى بەدىلىگە ساقلىنىپ قالغان يېڭى بايقاشقا ئالقىش ياڭرىتىۋاتقان ئاشۇ تەنتەنىلىك مىنۇتلاردا پۈتۈنلەي ئۇنى ئويلىدىم. ئۇ، يالغۇز دوستىنىڭ بىختەرلىكى ئۈ- چۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى ئىلىم - پەندىكى كىچىككىنە بىر يۈكسىلىش — ئىلگىرىلەش ئۈچۈن قۇربان قىلمىغان بولسا بۇنداق سورۇنلارنىڭ ماڭا نېسىپ بولمايدىغانلىقىنى، مۇشۇنداق پىداكار پەرزەنتلىرى بولغاچقىلا ئىنسانىيەت مە- دەنىيىتىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي تاپىدىغانلىقىنى ، ئىنسانىيەتنىڭ چەكسىز كائىناتتىكى جانلىقلار ئىچىدە مەڭگۈ غالىب ، گىگانت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم . ئىلىگ بەگ دوكتور چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ ئولتۇراتتى.

— كېيىن مەن دۆلەتلىك يەر شارى تەتقىقات ئورنىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىندىم ۋە تەتقىقات ئورنى پىلانلىغان مۇھىم بىر تېمىنىڭ ئاساسلىق مەھسۇلى بولغانلىقىمدىن بىرەر يىلغىچە بىكار بولالمىدىم. بۇ جەرياندا دوستۇمنى كېچە - كۈندۈز ياد ئەتتىم، قاتتىق چارچىغاندا، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەندە ئۇنىڭ ئىللىق چىرايى، ئوتتەك يانغان كۆزلىرى ماڭا ئىلھام، مەدەت بېرەتتى. تەتقىقات تېمىسى مۇددەتتىن تېز تاماملىنىپ، دۆلەتنىڭ باھالىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئورۇنلاشتۇرغان ئازغىنا دەم ئېلىش ۋاقتىمدىن پايدىلىنىپ، ئىككى ياردەمچىمنىڭ ھەمراھلىقىدا ھىمالايا تاغ تىزمىسىغا يەنە كەلدىم. پاجىئە يۈز بەرگەن جايدا ئويلىمىغان يەردىن دوستۇمنى ئۇچرىتىپ قېلىپ ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنمەيلا قالدىم. بىراق ئۇ چوڭقۇر ھاڭنىڭ ئۇ تەرىپىدە كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ھېچقانداق

گەپ قىلمايتتى. مەن ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ ئالدىمغا ماڭغاندا، ھەمراھلىرىم مېنى تۇتۇۋالدى ۋە قايتىپ كەلگەن-دىن كېيىن روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇلار مېنى چەكسىز قايغۇ - ھەسرەتتە ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇپ ئۆلۈۋالماقچى بولغان دەپ ئويلاپ قېلىش-قان ئىدى . مەن دوستۇمنى كۆرگەنلىكىمنى، قاتتىق خۇ-شال بولغانلىقىمنى چۈشەندۈرسەم، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئې-گىز - پەس چوققىلار، مۇزلۇق ۋە قاردىن باشقا ھېچنېمى-نى كۆرمىگەنلىكىنى ئىسپاتلىشىپ سۆزۈمگە ئىشەنمىدى. بىر مەزگىل دەم ئېلىپ، دەپ (تارىم شادلىقى ساياھەت دۇنياسى) دېگەن چىرايلىق نامى بار بۇ روھىي كېسەللىك-لەر دوختۇرخانىسىغا ئەكېلىپ قويىدى. دوكتور، مەن بىر ئىلىم - پەن خادىمى بولۇش سۈپىتىم بىلەن يالغان سۆزلى-مىگەنلىكىمگە كاپالەتلىك قىلالايمەن. بىراق ئۇ نېمىشقا ماڭا گەپ قىلمايدۇ؟ بىر يىلدىن بېرى ئۇ قانداق ھايات كەچۈرگەن؟ بۇ سوئاللار ھازىرمۇ كاللامدا گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ.

« مېنىڭچە ، ئۇ يالغان سۆزلىمىدى دەپ شىۋىرلىدى دوكتور ئۆز - ئۆزىگە، لېكىن ئۆلۈپ كەتكەن دوستى-نىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولۇشىنى قانداق ھادىسە دېيىش مۇمكىن » .

— ئىلىگ بەگ دوكتور، سىزگە تېلېفون.

باشقا بۆلۈمدە ئولتۇرغان ياردەمچىسىنىڭ ئوتتۇرىدى-كى تام شەكىللىك تېلېۋىزور ئېكرانىدا كۆرۈنۈپ چاقىر-غان ئاۋازى ئۇنى خىيالدىن سەگىتتى.

— مېنىڭ ئىشخانامغىلا ئۇلاپ بېرىڭ. ئۇشۇنداق دې-
گەچ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ ئۇتتۇققا مۇلايىم نەزەردە قاراپ
قويدى ۋە كونۇس شەكىللىك بىنانى ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئۆز
ئىشخانىسىنىڭ نۇردىن ياسالغان ئىشىكىنى ئالدىراپ ئاچ-
تى- دە، تېلېۋىزور ئېكرانىنىڭ كۇنۇپكىسىنى باستى.

— ئۇستازىڭىز گىل ئەپەندى بىرەر تېمىنى بىللە
تەتقىق قىلىشنى يەنە تەكلىپ قىلدىمۇ؟— دەپ سورىدى
ياردەمچى ئىلىگ بەگ تېلېفوندا سۆزلىشىپ بولغاندىن كې-
يىن ئەستايىدىللىق بىلەن.

— ياق، بۇ قېتىم خاتالاشتىڭىز ئايچېچەك. ئۇ ئۆز
يۇرتىدا دۇنيا بويىچە نېرۋا كېسەللىكىنى داۋالاش كەسپى
جەھەتتە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان چوڭ دوختۇرخانىنى
قۇرغان. ئۇنىڭ پۈتۈش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان
تەبرىكلەش مۇراسىمىغا قاتنىشىشىنى تەكلىپ قىپتۇ.

ئوھو، شۇنداقمۇ،— دېدى ئايچېچەك خۇشال بولۇپ،
قوڭۇر چاچلىق، كۆك كۆز كەلگەن بۇ قىز ھازىر تۇرپان
تام رەسىملىرىدىكى تېپىك ئۇيغۇرلارغا تېخىمۇ ئوخشاپ
قېلىۋاتاتتى،— گىل ئەپەندى ھەقىقەتەن تىرىشچان ئادەم-
كەن. ئۇ ئۆزى تاللىۋالغان بۇ ئىسمىغا يۈز كېلەلىگۈدەك
ئىش قىلالاپتۇ.

ئىلىگ بەگنىڭ ئېسىگە گىل ئەپەندىنىڭ ئىسمىغا
ئالاقىدار ئاجايىپ بىر ھېكايە كەلدى. گىل ئەسلىي بىلگى-
يىنىڭ بىر كىچىك شەھىرىنىڭ نامى ئىدى. مىلادىيە VIII
ئەسىردە ئىرلاندىيىدە دىپونا ئىسىملىك گۈزەللىكتە تەڭدى-
شى يوق بىر مەلىكە ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسى ئەيش

- ئىشرەت، كەيىپ - ساپاغا بېرىلگەن ياۋۇز پادىشاھ ئى-
كەن. خانىشى قازا بولغاندىن كېيىن، پادىشاھ رەزىللىك
بىلەن ئۆز قىزىنى ئەمرىگە ئالماقچى بوپتۇ. دىپونا گىل
دەپ ئاتىلىدىغان كىچىك بىر شەھەرگە قېچىپ كېتىپتۇ.
پادىشاھ لەشكەرلىرىنى باشلاپ گىل شەھىرىگە قوغلاپ كەپ-
تۇ، لېكىن قىز قەتئىي تىز پۈكمىگەچكە پادىشاھ ئۆز قولى
بىلەن ئۇنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. مەلىكە ئۆلگەن-
دىن كېيىن گىل شەھىرىدىكى پۇقرالار ئۇنى ئەۋلىيا دەپ،
ئۇنىڭغا ئاتاپ ئىبادەتخانا سېپتۇ ۋە ئۇنىڭ روھى تۇرلۇك
كېسەللىكلەرگە، بولۇپمۇ روھىي كېسەللىكلەرگە ئالاھىدە
شىپا بولىدۇ دەپ ھېسابلاپتۇ. بۇنىڭ بىلەن گىل شەھىرىدە
روھىي كېسەللىكلەرنى داۋالاش بىر خىل كەسىپ بولۇپ
راۋاجلىنىپتۇ. بۇ يەردىكىلەرنىڭ داۋالاش ئۇسۇلى ئۆزگى-
چە بولۇپ، بۇ يەرگە كەلگەن كېسەل كىشىلەر يەرلىك
ئاھالىلەر بىلەن بىرگە ياشاپ، بىر تەرەپتىن ئائىلە تۇرمۇ-
شىنىڭ لەززىتىدىن بەھرىمەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن
داۋالىنىدىكەن. بۈگۈن گىل شەھىرىدىكى ھەممە ئائىلى-
لەر روھىي كېسەللىكلەرنى قوبۇل قىلغان بولغاچقا، ئەمە-
لىيەتتە بۇ كىچىك شەھەر چوڭ بىر روھىي كېسەللىكلەر
دوختۇرخانىسىغا ئايلانغان. بىراق كېيىنچە، سانائەتنىڭ
ئۇچقاندەك راۋاجلىنىشى، ئاياللارنىڭ كۆپلەپ ئىشقا ئو-
رۇنلىشىشى، بىر قىسىم ئائىلىلەرنىڭ دېھقانچىلىقنى تاش-
لاپ سانائەت ۋە باشقا كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىشى،
شۇنداقلا مېدىتسىنا ئىلمىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگە-
شىپ، روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىلىرىنىڭ ئۆزلۈك-

سىز كۆپىيىپ، داۋالاش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈ-
شى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن داۋالانغىلى كېلىدىغانلار
ۋە كېسەل قوبۇل قىلىدىغان ئائىلىلەرمۇ زور دەرىجىدە
ئازىيىپ كەتكەن. روھىي كېسەللىكلەر ساھەسىدىكى بۇ
جەسۇر جەڭچى يۇرتىنىڭ بۇرۇنقى شان - شۆھرىتى ۋە
ئەنئەنىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە داۋاملاشتۇرۇش يولىدا
بىر ئۆمۈر هارماي ئىزدەنگەن، جان پىدالىق كۆرسەتكەن.
شۇڭا يۇرتىنىڭ نامىنى ئۆزىگە ئىسىم قويۇپ تاللىۋالغان.
ئىلىگ بەگ ئاۋاز ئارقىلىق كونترول قىلىنىدىغان
ئوبيېكتلىق كومپيۇتېرغا بۇيرۇق قىلىپ ئۇچۇر مۇندەرى-
جىسىنى تەكشۈردى. دىئامېتىرى بەش سىنتىلىق تەڭگە
چوڭلۇقىدىكى بىر پارچە پرىزما ئەينىكى پۈتۈن دۇنيادىكى
تېلېفون كابېل سىمىدىن نۇرغۇن ھەسسە ئارتۇق ئۆتكۈ-
زۈش ئىقتىدارىغا ئىگە ۋە خەلقئارا تورلاشتۇرۇپ «دۇنيا-
نىڭ ئۇنىۋېرسال بىلىم كۆزنىكى» گە ئايلانغان.بۇ خىلدىكى
كومپيۇتېرلارنىڭ مول مەزمۇنلۇق ماتېرىيال ئامبىرىدىن
كېرەكلىك نەرسىلەرنى تاللىۋېلىشقا، دۇنيانىڭ ھەممە
ئىشلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇشقا ياردىمى بولاتتى.
دېمەك، ئۇتتۇق يولۇقتۇرغانغا ئوخشاش ئەھۋاللار ئاز ئە-
مەسكەن. بۇ «ئەرۋاھ ھادىسىسى» دەپ ئاتىلىدىكەن.
ئۇ ئالىملارنىڭ بۇنداق ھادىسىگە قارىتا ئېلىپ بارغان
تەكشۈرۈش نەتىجىسى، تەھلىلى ۋە كۆز قاراش - پەرەزلى-
رىنى كۆرۈپ باقتى. ئۇنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان جۇملى-
لەرنى بىر ۋاراق قەغەزگە باستۇردى. «ئادەم ئۆلۈپ بىر-
ئىككى سائەتتىن كېيىن ئۆلۈك تېنىدىن ئاددىي كۆز بىلەن

كۆرگىلى بولمايدىغان بىر خىل ماددا ئايرىلىپ چىقىدۇ. ئايرىلىش تەخمىنەن تۆت - بەش مىنۇت ئىچىدە تاماملىنىدۇ. مىكرو دولقۇنلۇق تەكشۈرۈش ئەسۋابىدا پەقەت ئېلېكترو - ماگنىت دولقۇنىنىڭ شەپىسى سېزىلىدۇ. ياشلارنىڭ جەسىتىدىن چىقىدىغان ئېلېكترو — ماگنىت دولقۇنىنىڭ شەپىسى كۈچلۈك، ياشانغانلارنىڭ جەسىتىدىن چىقىدىغان ئېلېكترو- ماگنىت دولقۇنىنىڭ شەپىسى ئاجىز بولىدۇ...»

— ئادەملەر ئۆلگەندە، تەندىن ئاددىي كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان ماددا ئايرىلىپ چىقىدۇ . بۇ ماددىلار ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا تارقىلىپ كەتمەي كېزىپ يۈرىدۇ - دە ، ئەرۋاھ ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ . بىراق ئۆلگەن ئادەم بەدىنىدىن ئايرىلىپ چىققان كۆرۈنمەس نەرسە قانداق ماددا؟ نېمە ئۈچۈن بەزىلەرگە كۆرۈنۈپ ، بەزىلەرگە كۆرۈنمەيدۇ؟

ئىلىگ بەگنىڭ باياننى ئاڭلاپ ئايچېچەكنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلدى. قاشلىرىنىڭ ئىچ تەرىپى ئىچىگە قايرىلىپ، ئىككى سوئال بەلگىسى ھاسىل بولدى.

— ئادەمنىڭ مېڭىسىمۇ بىر سىمسىز تارقىتىش ۋە قوبۇل قىلىش ئاپپاراتىغا ئوخشىشىدۇ. خۇددى سىمسىز تېلېۋىزىيىدە تارقىتىلغان سىگناللار تېلېۋىزورنىڭ ماس كېلىدىغان چاستوتىسىدىكى قانالدىلا قوبۇل قىلىنغىنىدەك، تەندىن ئاجرىلىپ كۆرۈنمەس ماددا تارقاتقان ئېلېكترو- ماگنىت دولقۇنى تاسادىپىي ھالدا مېڭىسى قوبۇل قىلىشۋالغان ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدا تىرىك ئادەمدەك كۆرۈنىـ

-دۇ.

— قىياسىڭىز بىر نەرسىنى ئىسمىگە كەلتۈردى، ئايچىچەك، ـ چاشتانى ئىلىگ بەگ ئۇنىڭغا تىكىلدى. ئاي-رىم - ئايرىم بۆلۈمدىكى بۇ ئىككىيلەننى خۇددى بىر يەرد-كىدەكلا كۆرسىتىۋاتقا ن، ئەينەنلىكى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى تېلېۋىزور ئوتتۇرىدا تام بارلىقىنى ئۇلارنىڭ ئېسىدىن چىد-قىرىپ قويغان ئىدى،— ھەرقانداق كىشىدە كۆپ ئۇچراي-دىغان ئادەتتىكى ئىقتىداردىن باشقا مەلۇم ئالاھىدە ئىقتى-دارمۇ بولىدۇ. لېكىن كۆپچىلىك كىشىلەردە ئوبيېكتىپ رېئاللىقتىن ئۇزلۇكسىز تۇردە تۇرلۇك ئۇچۇر ـ سىگناللار قوبۇل قىلىنىپ، نېرۋا تالالىرىنى غىدىقلاپ تۇرۇش قاتار-لىق ئالاھىدە ئىقتىدارنىڭ نامايان بولۇشىغا توسقۇن بول-دىغان ئامىللار بەك كۆپ بولىدۇ. نەپەس گۇمپىسى نەزەرد-يىسى ۋە ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىدىكى، كىشىلەر نەپەس گۇم-پىسى قابىلىيىتىنى چېنىقتۇرۇش ئارقىلىق ئالاھىدە ئىق-تىدارغا ئېرىشەلەيدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ.

— مەقسىتىڭىنى چۇشەندىم، ئىلىگ بەگ دوكتور. نەپەس گۇمپىسىنى مەشىق قىلىش —خىيال ـ تەپەككۇرنى ئىختىيارىچە كونترول قىلىپ، ئۇچۇر ـ سىگناللارنىڭ نېرۋىلارغا تەسىر كۆرسىتىشىنى تورمۇزلاپ، يەنى توسالغۇ ئامىللارنى ئۇنۇملۇك چەكلەپ، ئالاھىدە ئىقتىدارنىڭ ناما-يان بولۇشىغا شارائىت ھازىرلاشتىن ئىبارەت. بۇ شۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ئۇتۇقنىڭ ئۆكۈنۈشى دوستىنى سىغىنىش نەتىجىسىدە ئۇزلۇكسىز قوزغىلىش ھالىتىدە تۇرغان نېرۋا ۋە مېڭە توقۇلمىلىرى باشقا توسالغۇ بولىدىغان ئۇچۇر ـ

سىگناللارنى قوبۇل قىلىشقا ئامالسىز قالغان. بۇنىڭ بىلەن دوستىنىڭ تېنىدىن ئاجرىلىپ چىققان كۆرۈنمەس ماددا تارقاتقان ئېلېكترو - ماگنىت دولقۇننى ئاسانلا قوبۇل قىلىۋالغاندا، دوستى ھاياتتەكلا كۆرۈنگەن. دېمەك، ئۇ- تۇق، ھېچقانداق روھىي كېسەلگە مۇپتىلا بولغان ئەمەس، بەلكى ئۇ ساغلام ئادەم.

— شۇنداق، لېكىن مەسىلىنىڭ ماھىيىتى تېخى بۇ- نىڭ بىلەن يېشىلمەيدۇ.

ئىلىگ بەگنىڭ بېشى قاتتى. تەپەككۇر قىلىشقا، ۋا- قىت بىلەن بەسلىشىشكە ئادەتلەنگەن مېڭىسى يەنە نۇرغۇن- لىغان نېمە ئۈچۈنلەرگە جاۋاب تېپىش ئۈچۈن ھەرىكەتكە كىرىشىپ كەتتى. مەسىلىنىڭ گۇمانلىق تەرىپىگە كۆپرەك قاراش، تېگى - تەكتىگە يەتمىگۈچە توختىماسلىقتەك ئالىم- لارنىڭ «كەسپىي كېسەل»لىكى ئۇنىڭدىمۇ بار ئىدى.

«كۆرۈنمەس ماددا قانداق نەرسە؟ ئۆلۈك تېنىدىن چىققان ئاشۇ كۆرۈنمەس ماددىلار تارقاتقان ئېلېكترو - ماگنىت دولقۇنى قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن نېمە ئۈچۈن مېڭىدە تىرىك ئادەمنىڭ ئوبرازى ئەكس ئېتىدۇ؟

ناھايەت، قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنى نامەلۇم. ئايچې- چەك ئۇنىڭ چېھرىدە تەبەسسۇم پەيدا بولغانلىقىنى كۆردى. بۇ، مەسىلىنىڭ تۈگۈنى يېشىلگەندىلا ئۇنىڭدا كۆرۈلىدىغان ئالامەت ئىدى.

— ئادەم بەدىنىدە بىئولوگىيىلىك ماگنىت مەيدانى بولىدۇ. زەخىملىنىش ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن ئورگا- نىزملاردىن چاتاق چىققاندا بىئولوگىيىلىك مەيدان قالايمى-

قانلىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئورگانىزملاردىكى تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇپ، ھاياتلىق پائالىيىتى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ - دە، ئېغىر بولغاندا ئۆلۈش كېلىپ چىقىدۇ. ئادەم ئۆلگەندە بىئولوگىيىلىك مەيداننىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلغان، تو- قۇلمىلارنى تەشكىل قىلغۇچى ئەڭ كىچىك ئېلېكترون زەررىچىلىرى ئايرىلىپ چىقىدۇ. ئۇلار ئارىسىدىمۇ بەلگى- لىك تارتىشىش كۈچى بولغاچقا تارقىلىپ، چېچىلىپ كەت- مەيدۇ. ئىنسانلار ياشاش جەريانىدا ئۆز ئارا خىلمۇخىل ئالا- قىدە بولىدۇ، بىر - بىرىنىڭ بىئولوگىيىلىك مەيدانىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ، بولۇپمۇ يېقىن كىشىلىرىنىڭ تەسىرىگە تېخىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. ۋەھالەنكى، دۇنيادا پۈ- تۈنلەي ئوخشىشىدىغان ئىككى ئادەمنى تاپقىلى بولمايدۇ. ھەر كىشىنىڭ ئۆزىگە خاس بىئولوگىيىلىك مەيدانى بولى- دۇ. شۇڭا ئادەم ئۆلگەندە ئايرىلىپ چىققان زەررىچىلەرنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان مېڭىدە دەرھال شۇ كىشىگە مۇنا- سىۋەتلىك بولغان ئۇچۇرلار توپلىنىپ، مۇكەممەل بىر ئوب- راز شەكىللىنىدۇ. بۇ خۇددى مەلۇم بىر دوستىمىزدىن قالغان يادنامىنى قولىمىزغا ئالساق شۇ دوستىمىزنىڭ چى- راي - شەكلى ئېڭىمىزدا روشەنلەشكەنگە ئوخشاش بىر ئىش.

— دوكتور، ئەرۋاھنىڭ ھاسىل بولۇشىدىكى سىر يېشىلگەن ئىكەن، ئۇنداقتا زەررىچىلەرنى ئەسلىدىكى بىئو- لوگىيىلىك مەيدانغا قايتۇرۇش ئارقىلىق جەسەتنى تىرىل- دۈرۈش مۇمكىن بولارمۇ؟

— ھەببەللى ، مېنىڭ ئويلاۋاتقىنىممۇ دەل شۇ ،

بۇنىڭ ئۇڭۇشلۇق بولۇش ـ بولماسلىقى بىزنىڭ كېيىنكى قەدەمدىكى تەتقىقاتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا باغلىق.

كۈنلەر ئاستا ـ ئاستا ئۆتۈۋاتاتتى. ھايات ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە ئۇلارنىڭ سىڭدۈرگەن ئەجرى، ئەقىدىسى، ئاققۇزغان قان ـ تەرى، تۆلىگەن بەدىلىگە يارىشا ئىللىق قوينىنى ئاچتى، پېشانىسىگە سۆيدى. پىلانلىق ماشىنا يامىسىلىپ بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، چاشتانى ئىلىگ بەگ، ئايچېچەك ۋە ئۇتۇقتىن ئىبارەت ئۈچ كىشىدىن تەركىب تاپقان ھەرىكەت گۇرۇپپىسى «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى» گە قاراپ ئۇچتى.

چەكسىز كائىناتتا يەر شارى ياكى تىنچ يۇلتۇز دەپ ئاتىلىدىغان سەييارىنىڭ ئەڭ يۇكسەك پەللىسى تىبەت تىلىدا جۇمۇلاڭما — «يەر خۇدالىرى ئانىسى»، نېپال تىلىدا «ساگارماتخا — تاغلار مەلىكىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىدىن بىرەرمۇ قۇش ئۇچۇپ ئۆتۈپ باقمىغان. پەقەت ئىنسانلارلا بۇ يۇكسەك پەللىدە تۇرۇپ ئانا سەييارنى كۆزدەتەلەيدۇ.

ئىلىگ بەگ تەخسىسىمان ئۇچۇش قورالىنىڭ ئۇستى ۋە يان تەرەپلىرىدە ئۇزۇپ يۇرگەن توپ ـ توپ بۇلۇتلارغا، گۇزەللىكتە تەرىپ يەتمەس تۆت ئەتراپقا نەزەر سېلىپ خىيال سۇرەتتى.

ساناپ تۇگەتكۇسىز تىك ۋە ئېگىز يارلار، قار ـ مۇزلۇق يانباغىرلار، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن مۇز يېرىقلىرى، تۈيۇقسىز كۆتۈرۈلىدىغان بوران ـ چاپقۇن، دائىم يۇز بېرىدىغان قار كۆچۈش، مۇز كۆچۈشلەر، ئوكسىگېنىنىڭ كەم-

چىللىكى ۋە ھاۋانىڭ قاتتىق سوغۇقلۇقى تۈپەيلىدىن «ھا-ياتلىق چەكلەنگەن رايون» دەپ ئاتالغان بۇ يەر XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىنسانلار جەنۇبىي ۋە شىمالىي قۇتۇپقا تۇنجى قەدەم باسقاندىن كېيىن XX ئەسىرنىڭ 50 - يىللى-رىغىچە يەر شارىدىكى جەلپ قىلىش كۈچى ئەڭ كۈچلۈك ھەمدە ئىنسانلار تېخى بويسۇندۇرمىغان ۋە سىرلىق بولغان «ئاق قالغان بەلۋاغ»قا ئايلىنىپ قالغان ئىدى.

ئۇلار يول باشلاش ئۈسكۈنىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ئا-سانلا نىشاننى تاپتى. ئۈستىنى قار باسقان ۋە ناھايىتى چوڭ چاق - چۇق ماتېرىياللارنى ئەسلىتىدىغان ئىدىرلىقلارنىڭ سەل تۆۋىنىدىكى ئاچ سېرىق رەڭلىك قىيانىڭ يېنىدا توخ-تىدى. قېلىن قار قاتلىمى بىلەن بېزەلگەن چوققا بەئەينى كۆمۈشتىن قۇيۇلغاندەك يالتىراپ تۇراتتى. ئىلىگ بەگ ياسىغان ئۆلۈك تېنىدىن ئايرىلىپ چىققان زەررىچىلەرنى يىغىش ماشىنىسىنىڭ ئىقتىدارى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئانچە ھايالشىمايلا ۋارىسنىڭ جەسىتىدىن ئاجرالغان كۆرۈنـ-مەس ماددىلارنى سېزىپ بىخەتەرلىك ساندۇقىغا قاچىلاپلا قالماستىن، بەلكى جەسەت بار ئورۇننىمۇ كۆرسىتىپ بەر-دى. يەر راكېتاسى ئارقىلىق قېلىن مۇز ئاستىدا قالغان جەسەت كولاپ ئېلىنىپ، ئالاھىدە ياسالغان ئۈسكۈنىگە سېلىندى.

«تارىم شادلىقى ساياھەت دۇنياسى»نىڭ ئەڭ مەنزىرى-لىك، ئەڭ خىلۋەت يېرىگە جايلاشقان ئېھرامسىمان تەجرى-بىخانا ئاجايىپ جىمجىتلىققا چۆككەن ئىدى. ئىلىگ بەگ توڭلىتىلغان جەسەتنىڭ ئېغىر زەخىملەنگەن ئەزالىرىنى

ئالماشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، جەسەتنىڭ تېمپېراتۇرىـ
سىنى ئاستا ـ ئاستا يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا
كومپيۇتېردا تەقلىد قىلىپ ياسالغان سۈنئىي بىئولوگىيەـ
لىك مەيداننى ئىشقا كىرىشتۈردى. جەسەتتىن ئايرىلىپ
چىققان زەررىچىلەر خۇددى سېھىرلەنگەندەك ھەرىكەتلىـ
نىپ، بىر ـ بىرلەپ ئەسلىدىكى «ئوربىتا» سىغا قايتىشقا
باشلىدى. ھاياتلىق پائالىيىتى توختاپ «ئۆچەك» ھالىتىگە
كىرگەن ھەرقايسى ئەزالاردا جانلىنىش، «ئويغىنىش» پەيـ
دا بولۇۋاتقانلىقى جەسەتكە ئۆتكۈزگۈچى كابېللار بىلەن
تۇتاشتۇرۇلغان تورلۇك كۆرسەتكۈچ ئەسۋابلاردا روشەن
كۆرۈندى. تېمپېراتۇرا نورمال بەدەن تېمپېراتۇرىسىغا يېـ
قىنلىشىشىغا ئەگىشىپ بەزى مۇسكۇللار، بولۇپمۇ بىلەك
مۇسكۇلى ئاۋۋال بارماقنىڭ ئۇچىدىن باشلىنىپ سىپازمىلاـ
غاندەك (تارتىشقاندەك) مىدىرلاپ ئۇزاق ئۆتمەيلا سىزىمى
پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلدى.

ئۆزىنى ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك ھېس قىلغان ۋارىس
كۆزىنى ئېچىپ ناتونۇش ئىككى ئادەم ئارىسىدا تۇرغان
ئۇتۇقنى كۆرۈپ ئىنتايىن ھەيران قالدى. ئۆزىگە بەئەينى
قاباھەتلىك چۈشتەك تۇيۇلغان ۋە مەڭگۈ كەلمەسكە كەتكەن
ئاشۇ دەقىقىلەر كۆز ئالدىغا كېلىپ ھەم پۈتۈن ئەزالىرىغا
چېتىۋېتىلگەن ئۆتكۈزگۈچ كابېللارنى كۆرۈپ ئەھۋالنى
چۈشەندى.

ئىككى دوستىنىڭ كۆز ياشلىرى قوشۇلۇپ كەتتى.
ئۇلارنىڭ يېشىدا قايتىدىن كۆرۈشەلىگەنلىكىدىن شادلىـ
نىش، ئۆزلىرىگە كۆلۈمسىرەپ قاراپ تۇرغان ئىلىگ بەگ

بىلەن ئۇنىڭ يادەمچىسى ئايچېچەككە بولغان مىننەتدارلىق-
تىن باشقىمۇ مەنە بار ئىدى. بۇنى ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققى-
يات ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان كىشىلەرلا ئې-
نىق ھېس قىلالايتتى.

راست ، چەكسىز گۈزەل سەييارىمىزنىڭ پەرزەنتلى-
رى يەنە بىر قەدەم ئالغا باسسا نېمە ئۈچۈن خۇشال
بولمىسۇن! ؟ . . .

دۇنيا مېدىتسىنا تارىخىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمى-
غان بىر مۆجىزە يارىتىلدى.

دۇنيا ئۇمىد كۆزىنى تارىم ۋادىسىغا تىكتى .

تەبرىكلەشكە كەلگەن گىل ئەپەندىنىڭ شادلىقى تېخى-
مۇ چەكسىز ئىدى. ئۇ، چەت ئەلدە دوكتورلۇقتا ئوقۇۋات-
قاندا ئۆزى يېتەكچىلىك قىلغان تالانتلىق، سۆيۈملۈك شا-
گىرتىنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى :

— مەن مەڭگۈ ئارمانىمغا يېتەلمەيدىغان بولدۇم.
دۇنيا مېدىتسىنا ئىلمىدە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان
ئورۇن تارىمغا يۆتكەلدى. لېكىن مەن بۇنىڭغا ھەرگىز
ئۆكۈنمەيمەن. چۈنكى ئىنسانىيەتنىڭ شانلىق كېلەچىكى
پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق. . .



# چاشقان

## 1

كۆچمە تېلېفوننىڭ سىگنالى ئىلىگ بەگنى ئويغىتىـ
ۋەتتى. ئۇنىڭ ئۇيقۇسى ئىنتايىن سەگەك ئىدى. شۇڭا،
ئۇ كۆپىنچە كېچىككىنە شەپىدىنمۇ ئويغىنىپ كېتىپ،
ھېلىلا كاللىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان پىكىر، تەـ
سەۋۋۇر، كۆرۈنۈشلەرنىڭ چۈشى ياكى خىيالى ئىكەنلىكىـ
نى سەزمەي قالاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ قىلچە بىپەرۋالىق
قىلماي ئاشۇ پىكىر، تەسەۋۋۇر، كۆرۈنۈشلەرنى تولۇق
خاتىرىلەپ قويۇشقا ئادەتلەنگەن ئىدى. بۇ ئۇنىڭغا نۇرغۇن
قۇلايلىقلارنى يارىتىپ بەرگەن بولۇپ، چىگىش، مۇرەكـ
كەپ مەسىلىلەرگە يولۇققاندا، ھەمىشە ئۇيقۇ ھالىتىدە شەـ
كىللەنگەن چۈش ياكى خىيالغا ئوخشاشمايدىغان تەپەككۇر
ھاسىلاتلىرىدىن پايدىلىنىپ ھەل قىلغان ئىدى.

— خەيرلىك سەھەر، ئىلىگ بەگ.

كۆچمە تېلېفوننىڭ كۇنۇپكىسى ئېچىلىش بىلەن تەڭ
كېچىككىنە ئېكراندا قوڭۇر بۇدرە چاچلىرىنى ئۇزۇن قويۇـ
ۋەتكەن، ئۇخلاش كىيىمى كىيىۋالغان ئايچېچەكنىڭ يېقىمـ
لىق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇنىڭ كۆك كۆزلىرىدە جىلۋىلىـ
نىپ تۇرغان نازلىق تەبەسسۇم گۈزەل ھۆسنىنى تېخىمۇ

نۇرلاندۇرۇۋەتكەن ئىدى.

— خەيرلىك سەھەر، ئايچېچەك، ئوبدان ئۇخلاپسىز-مۇ؟— دەپ ئەھۋال سورىدى ئىلىگ بەگ. گۈزەل، ئەقىل-لىق، ئېۋەنسىز مەھبۇبىسىنىڭ سۇ يۈزىنى مەيىن سابا سۆيۈپ ئۆتكەننى ئەسكە سالىدىغان لەرزان ئاۋازى ئۇنى ئىنتايىن ھاياجانلاندۇرۇۋەتكەن ئىدى، كۆز يۇمغىنىغا ئاز-چە ئۇزاق بولمىغىنىغا قارىماي چالا ئۇيقۇلۇقتابولى-دىغان خامۇشلۇقمۇ كۆرۈنمەيتتى.

— بىز ھەر قېتىم بىرەر ئىشنى ئوڭۇشلۇق تاماملى-غاندا، ۋۇجۇدۇمدا پەيدا بولغان شادلىق دولقۇنى نېرۋىلى-رىمنى غىدىقلاپ ئۇيقۇمنى قاچۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى بى-لىسىز، — دېدى ئايچېچەك نەچچە كۈن داۋاملاشتۇرۇپ ئاخ-شام تۈن يېرىمىدىن ئاشقاندىلا نەتىجىسى ئايدىڭلاشقان تەج-رىبە ئەھۋالىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ كۆزلىرى كۈلۈپ تۇرسىمۇ بىلىنەرلىك ئولتۇرۇشقان چاناقلىرى، سەل كۆتۈرۈلگەن مەڭز سۆڭەكلىرى ھەقىقەتەن كۆپ چار-چىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى، — كارىۋاتتا ئۇياق - بۇ-ياققا ئۆرۈلۈپ يېتىپ ۋاقىتنى بىھۇدە ئىسراپ قىلغۇچە دەپ كومپيۇتېرنىڭ تېلېۋىزىيە قاناللىرىدىن «خەۋەرلەر» پروگ-راممىسى كۆردۈم.

— ئوبدان ئارام ئېلىشىڭىز كېرەك ئىدى. يەنە ئۇ-نىڭدىنمۇ مۇھىمراق، ئىنسانىيەتكە تېخىمۇ پايدىلىقراق ئىشلارنى قىلالىشىمىزغا ئىشەنچىم كامىل. بۇنىڭ ئۈچۈن سالامەتلىكنى ئاسرىمسا بولامدۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، سالامەتلىكىم ناھايىتى ياخشى.

چۈشىنىشىڭىز كېرەككى، سىز بىلەن ئۆتكەن ھەر بىر كۈن، ھەر بىر سائەت، ھەتتا ھەر بىر دەقىقىمۇ ماڭا ئىنتايىن كۆڭۈللۈك تۇيۇلىدۇ. يەنە كېلىپ، ئىنسانىيەت-نىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئورتاق قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىز بار. بۇ مەندە شادلىق قوزغىسا يامانمۇ.

ئىلىگ بەگنىڭ يۈرىكى شىددەت بىلەن سوقۇپ كەت-تى. ئايچېچەك كۆڭلىدىكىنى ھېچقاچان ھازىرقىدەك ئې-نىق بىلدۈرۈپ باقمىغان ئىدى. ئۇلار بىر - بىرىنى چەكسىز ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىشىمۇ، ھايات مۇسا-پىسىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى داۋامىنى بىر جۈپ بەختىيار ھەمراھلار سۈپىتىدە بىرلىكتە باسىدىغانلىقىغا شەكسىز ئى-شەنچ قىلىشىمۇ، ئايچېچەك ئۆز باشلىقى بولغان ئىلىگ بەگنىڭ نامىنى ئومۇملاشقان قائىدە بويىچە «ئىلىگ بەگ دوكتور» دەپ ئۇنۋانىنى قوشماي تېخىمۇ قىسقارتىپ «ئى-لىگ بەگ» دەپ ئاتىغىنىدىن، ئىلىگ بەگمۇ ئۇنى نوقۇل ھالدا ئۆزىنىڭ ياردەمچىسىلا ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغاندىن باشقا، ئالاھىدە ئۆزگىرىش بولمىغان ئىدى. ئاشىق - مە-شۇقلارنىڭ ئىسمى ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدىغان «سۆيۈم-لۈكۈم»، «قەدىرلىكىم» دېگەندەك ئىبارىلەرنى ئىشلى-تىش ۋە بىر - بىرىنىڭ ئىللىق باغرىغا تاشلىنىپ، يۈرەك-لىرىنىڭ تەڭ رىتىمدە سوقۇۋاتقىنىنى ئاڭلاش، سۆيگۈ شەربىتىدىن قانغۇدەك لەززەتلىنىپ، مەستخۇشلىنىش ئۇ-لارنىڭ خىيالىدىن يىراق ئىدى. بۇنىڭلىق بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مەڭگۈلۈككە باغلانغان سۆيگۈ رىشتىسىنى ئىنكار قىلىشقا ئاساس يوق، ئەلۋەتتە. چۈنكى، ھەر كىم-

نىڭ چىن مۇھەببەتتىن بەھرىمەن بولۇش ئۇسۇلىنىڭ ئە-
زەلدىن ئوخشاش بولمايدىغانلىقى ئېنىق.
— بۈگۈن دەم ئېلىڭ. تەجرىبە دوكلاتىنى مەن تەيى-
يارلاي، — دېدى ئىلىگ بەگ.
— مەن ياردەملىشەي، مەن سىزنىڭ ياردەمچىڭىز
ئەمەسمۇ، — دەپ چاقچاق قىلدى ئايچېچەك، —
«خەۋەرلەر» پروگراممىسىنى كۆرۈشتىن باشقا ئىشىم
يوق.
— خەۋەرلەر پروگراممىسى «جىن» ى چاپلىشىپ قال-
دىمۇ سىزگە، — ئىلىگ بەگ كۈلدى، — ئۇنىڭدا بەك مۇ-
ھىم خەۋەرلەر بېرىلىۋاتامدۇ قانداق؟
— نەچچە ۋاقىتتىكىگە ئوخشاش، مېنى قىزىقتۇرغىنى
چاشقان ھەققىدىكى گەپ.
— چاشقان؟ — ئىلىگ بەگ ھەيران بولدى.
— قولىمىز ئارا بولغاندا ئۇ ھەقتىكى تەپسىلىي ئەھ-
ۋاللارنى ئىگىلەپ كۆرۈشنى تەكلىپ قىلىمەن.
«چاشقان» دەپ تەكرارلاپ قويدى ئىلىگ بەگ ئىچىدە
ئايچېچەكنىڭ تەلەپپۇزىدىكى جىددىيلىكتىن بىر خىل غە-
لىتىلىكنى سېزىپ.

## 2

. . . ئىنسانلار ئالەم بوشلۇقىنى بويسۇندۇرالايدۇ.
لېكىن چاشقاننى تاكى بۈگۈنگىچە بويسۇندۇرۇشقا ئامال
قىلالمىدى. شۇنچە ئەسىرلەر مابەينىدە ئىنسانلار ئۇنىڭغا

قارشى ھاردىم ـ تالدىم دېمەستىن كۆرەش ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، كىچىككىنە جانىۋارنىڭ نەسلى قۇرۇماي، ھەدەپ ئاۋۇپ كېتىشىدىكى سەۋەبنىڭ بىرى، چاشقاننىڭ كۆپىيىش نىسبىتى يۇقىرى، ھاياتىي كۈچىنىڭ كۈچلۈك ۋە ئۇنى ئىلمىي ئۇسۇلدا چۈشىنىشنىڭ كەمچىل بولغانلىقىدىندۇر. بىر چىشى چاشقان يىلدا ئاز دېگەندە تۆت ئۇۋا چاشقان تۇغىدۇ. ھەر بىر ئۇۋىدا 7— 18 گىچە بالا چاشقان بولىدۇ (ئەلۋەتتە، چاشقانلارنىڭ بالىلاش سانى، تۈرى، مۇھىتقا قارىتا ئوخشاش بولمايدۇ). كىچىك چاشقان ئۈچ ئايلىق بولۇپلا كۆپىيىشكە باشلايدۇ. ئەركەك ـ چىشى بىر جۈپ چاشقان تۇنجى قېتىمدا «ئەركەك ـ چىشى كىچىك چاشقان» دىن ئوننى تۇغدى دېسەك، ئۇنداقتا، يېرىم يىل بولا ـ بولمايلا «نەۋرە ـ چەۋرىلىرى» ئاۋۇپ 22 مىڭغا يېتىدۇ. چاشقان پىششىق خىش تامغا خۇددى شوتىغا چىققاندەكلا چىقىدۇ. داچەن پۇلنىڭ تۆشۈكچىلىك كېلىدىغان تۆشۈكتىن ئۆتەلەيدۇ. سۇدا ئۈچ كۈن تۇرالايدۇ. بىنالارنىڭ بەشىنچى قەۋىتىدىن يەرگە چۈشۈپ كەتسىمۇ ھېچ يېرى زەخىملەنمەستىن، يۈگۈرۈپ قاچالايدۇ.

چاشقان ھەرقانداق چاشقان ئۆلتۈرۈش دورىلىرىدىن قورقمايدۇ. چاشقان ئۆلتۈرۈش دورىلىرىنى ئىشلەتكەندە ئۇزاق ئۆتمەيلا چاشقاننىڭ بەدىنىدە بىر خىل قارشىلىق كۆرسىتىش گېنى پەيدا بولىدۇ ۋە بۇ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا يەتكۈزىدۇ.

چاشقان يەنە ئاتوم بومبىسىدىنمۇ قورقمايدۇ. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئامېرىكا تىنچ ئوكياندىكى

ئەنۋتوك ھالقىسىمان خادا تاشلىقتىكى ئىنگىنبى ئارىلى ۋە باشقا ئاراللاردا ئاتوم بومبىسىنى سىناق قىلغاندا، بۇ ئاراللاردا چاشقاندىن باشقا بارلىق ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك-لەرنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگىگەن. لېكىن چاشقان ئۆل-مەيلا قالماستىن، ئەكسىچە ئاتوم بومبىسى پارتلاشتىن بۇرۇنقىغا نىسبەتەن تېخىمۇ جانلىنىپ ۋە يوغىناپ، ساغ-لاملاشقان. يەنە كېلىپ، ئۇلارنىڭ بەدىنىدە رادىئوئاكتىپ ماددىلارنىڭ كۆرۈلمەسلىكى ئالىملارنى ھەيران قالدۇرغان. . .

چاشقان 20 نەچچە خىل كېسەللىك تارقىتىپ، ئىن-سانلارنىڭ سالامەتلىكىگە تەسىر يەتكۈزۈش بىلەنلا قالماس-تىن، بەلكى ئۆتكۈر چىشلىرى بىلەن ئاشلىقنى كاردىن چىقىرىش، ئۆي - ئىمارەتلەرنى بۇزۇش، ئوتلاقلارنى ۋەي-ران قىلىش. . . نەتىجىسىدە كەلتۈرگەن غايەت زور زىيان-لىرى مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە بولسىمۇ، قىزىق بولغىنى شۇكى، ھىندىستاننىڭ غەربىگە جايلاشقان راجىستان شتا-تىدىكى كىشىلەر ئۇنىڭغا چوقۇنىدىكەن. چاشقاننى مۇقەد-دەس ھايۋان، ئۇنىڭغا دەخلى - تەرۇز قىلىشقا بولمايدۇ دەپ قاراپ ئۇنى ئاسرايدىكەن. مۇشۇ شتاتنىڭ دېسانوك دېگەن يېرىدىكى ھىندى دىنىنىڭ مۇخلىسلىرى يەنە تېخى چاشقانلارغا ئاتاپ «چاشقان ئىبادەتخانىسى» سېلىپ بەرگەن ۋە ئىبادەتخانىدىكى چاشقانلارنىڭ ئوزۇقلۇقى ئۈچۈن ھەر ئايدا بىر مۇنچە پۇل خەجلەيدىكەن. بۇ ئىبادەتخانا مىلادىيە XV ئەسىردە ھىندى دىنىنىڭ ئىخلاسمەن مۇرىتى كالىنى تەرىپىدىن سالدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئىبادەتخانىدىكى كۈچە

يالقۇنى بارغانسېرى ئەدىمەكتە. چاشقانلارنى تاۋاپ قىلغۇچى ئەر - ئايال ئىخلاسمەنلەر بۇ يەرگە ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇر-ماقتا. تاۋاپ قىلغۇچىلار دىققەتسىزلىك قىلىپ بىرەر چاش-قاننى دەسسەپ ئۆلتۈرۈپ قويسا، ئۇنىڭ بەدىلى ئۈچۈن جىق ھەق تۆلەيدۇ. تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن ئىبادەتخانىغا كىرگەندە، چوقۇم بىر قىسىم يېمەكلىك ئىنئام قىلىپ، ئۇنى چاشقانلارغا يېگۈزۈش لازىم. چاشقانلار ئىبادەتخانى-سىدا ھەر كۈنلۈكى ئىككى نۆۋەت ئىبادەت قىلىش ۋەچاشقان-لارنى بېقىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش بەلگىلەنگەن. مۇراسىم ئۆتكۈزگەندە، مۇرىتلار ئىبادەتخانىدا داقا - دۇمباق چې-لىپ، دۇرۇت ئوقۇيدۇ. داقا- دۇمباق ئاۋازى ئاڭلىنىش بىلەنلا چاشقانلار تامدىكى ئۆۋۈلىرىدىن بەس - بەستە يۈگۈ-رۈشۈپ چىققان پېتى ئىبادەتخانىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى ئايال مەبۇدىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان قاچىدىكى يېمەكلىكلەرنى تالىشىپ - تارتىشىپ يەپ، قاچىدا ھېچ نەرسە قالمىغاندىلا، ئاندىن توپ - توپ بولۇشۇپ ئۆۋۈلىرىغا يۈگۈرۈشۈپ كى-رىپ كېتىشىدۇ . . .

### 3

— «خەلقئارا ئۇنىۋېرسال بىلىم كۆزنىكى» بىلەن تورلاشتۇرۇلغان كومپيۇتېردا خاتىرىلەنگەن ئۇچۇرلار كۆپ ئىكەن. مېنىڭ تاللىۋالغىنىم مۇشۇلار.

— چاشقانلارنىڭ رادىئوئاكتىپلىق ماددىلارغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ئادەمنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىكەن.

چاشقاندىن باشقا مۇشۇنداق ئىقتىدارغا ئىگە جانلىقمۇ بارمى-دۇ،— دېدى ئىلىگ بەگ ئويلانغان ھالدا.
— مەن تەكشۈرۈپ كۆرەي.
ئايچېچەكنىڭ ئۆز بۆلۈمىدىكى ئاۋاز ئارقىلىق كونت-رول قىلىدىغان ئوپتىكىلىق كومپيۇتېرغا بۇيرۇق قىلغان-لىقى، ئەقلىي ئىقتىدارلىق كومپيۇتېرنىڭ ئەستايىدىل خىزمەت قىلىپ ماتېرىيال ئىزدەۋاتقانلىقى ئايرىم - ئايرىم ئىككى بۆلۈمنى بىر قىلىپ كۆرسىتىدىغان ئېكرانلىق تامدا ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.
— ئاق شاكال دەپ ئاتىلىدىغان دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمى-كى ۋە ئەڭ سىرلىق بىر دەرەخ بار ئىكەن ، — دېدى ئايچېچەك بىردەمدىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ۋە ئېكراندا خەت ھەم ئاۋازلىق تىل بىلەن كۆرسىتىلىۋاتقان ماتېرىيال-لارنى ئىلىگ بەگنىڭ ئالدىدىكى كومپيۇتېرغا يوللىدى.
چاشتانى ئىلىگ بەگنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى كومپيۇتېر ئېكرانىغا تىكىلدى.
«. . . تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ دەرەخ بۇ-نىڭدىن ئۈچ مىليون ئەسىر بۇرۇن يەر شارىدا پەيدا بولغان بولۇپ، ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلار دەۋرى ۋە گېئولوگىيىلىك زور ئۆزگىرىشنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ساقلىنىپ قالغان. 1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، تۇنجى ئاتوم بومبىسى خىروسىما ئارىلىدا پارتلىغاندىن كېيىن، ئاتوم بومبىسى پارتلىغان مەركىزىي رايوندا، پارتلاشتا بۇغداينىڭ غولىچى-لىكلا بولۇپ ساقلىنىپ قالغان ئاق شاكال دەرىخىدىن باشقا، بارلىق جانلىقلار پۈتۈنلەي كۆيۈپ ھېچنېمىسى قال-

ـمغان. لېكىن ئاتوم بومبىسىنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغان بۇ ئاق شاكال دەرىخى ئىككىنچى يىلى باھاردا يەنىلا ئۆسۈۋەر- گەن. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بۇنداق ھاياتىي كۈچ- كە ئىگە ئاق شاكال دەرىخى ئاتوم بومبىسىنىڭ رادىئوئاك- تىپلىق نۇر چېچىشىدىنلا ئەمەس، بەلكى يەنە ھاشارات، زەمبۇرۇغ ۋە ۋىرۇسلارنىڭ ھۇجۇمىدىن، سانائەت پەيدا قىلغان بۇلغىنىشتىن قورقمايدۇ. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قا- رىشىچە، بۇ ئاق شاكال دەرىخى ئىلىم - پەن ھازىرغىچە ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغان خىمىيىۋى مولېكۇلىنى ھاسىل قى- لالىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىكەن...»

— كېيىن ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئاق شاكال دەرىخى بىلەن چاشقاننىڭ تېنىدە ھاسىل بولىدىغان خىمىيىۋى ماددا تامامەن ئوخشاش.

ئىلىگ بەگ ئايچېچەكنىڭ پىكرىنى تەستىقلاپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— بۇ ماددىنى ئېنىقلاشقا ۋاقىت كېرەك، ئىلىگ بەگ. بىز «ساياھەت دۇنياسى» روھىي كېسەللىكلەر دوخ- تۇرخانىسىنىڭ خادىملىرى كەسپىمىزگە مۇناسىۋەتسىز تې- مىلار ئۈستىدە ئىشلەشنى تەتقىقات ئورنىمىز چەكلەيدۇ. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى، بۇنى باشقا مۇتەخەسسىسلەرگە قال- دۇرغىنىمىز تۈزۈك.

— ئىنسانىيەتكە خىزمەتلا قىلالايدىكەن ئۇنى بىزنىڭ كەسپىمىز ئەمەس دەپ باشقىلارغا تاشلاپ قويۇشقا بولماي- دۇ. بىز ئۆزىمىزگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى تولۇق ئورۇن- داپ بولۇپ دەم ئېلىش ۋاقتىمىزدىن سەرپ قىلساق تەتقى-

قات ئورنىنىڭ پىكرى چىقمايدۇ. بىراق ئۆزىمىزنىڭ كۆپ-
رەك جاپا چېكىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.
ئىلىگ بەگنىڭ كۈچلۈك ئىرادە چىقىپ تۇرىدىغان
چېھرىدىكى ئىلھام بەخش ئەتكۈچى تەبەسسۇم ئايچېچەكنىڭ
قەلبىنى ئىللىتىۋەتتى. ۋۇجۇدىداكۈچ - قۇۋۋەت ئۆركەش-
ياسىدى.
ۋاقىت گويا مېتالدىن ياسالغان ئاپتوماتىك ماشىنى-
دەك تىنىمسىز ئىشلەۋاتقان، ھاياتلىقنىڭ ئالىي شەكلىگە
كىرگەن ۋە «ئەر»، «ئايال» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ بىر
جۈپ بىئولوگىيىلىك ئورگانىزملار قۇرۇلمىسىغا ھەيران
بولغان، گاڭگىرىغان ھالدا قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىۋەر-
دى. ھېسابسىز زېھىن ۋە تەر سەرپ قىلىنغان بولسىمۇ،
ھېلىقى ماددىنىڭ تېپىلىشىدىن ئۈمىد باردەك قىلمايتتى.
ئۈيقۇسىزلىق، ھارغىنلىق بوشاشماي ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ-
لارنىڭ روھىغا، ۋۇجۇدىغا يوشۇرۇنغان غايەت زور كۈچ،
غەيرەت، ئىرادىنى سۇندۇرۇشقا تىرىشاتتى.
— ئايچېچەك، سانىسىز پاكىتلارنىڭ ئىسپاتلىشىدىن
ئۆتكەن يەكۈن شۇكى، چاشقان بىلەن ئاق شاكال دەرىخى
يەر شارىدا پەيدا بولغان جانلىق ئەمەس، — دېدى چاشتانى
ئىلىگ بەگ بىر كۈنى، — ئازوت بىلەن نەپەسلىنىدىغان
تاشقى پلانت ئادەملىرى يەر شارىغا قەدەم باسقاندىن كېيىن
ئۇزاق مۇددەت ئولتۇراقلىشىپ قېلىش پىلانىغا ئاساسەن،
ئوكسىگېن بىلەن نەپەسلىنىدىغان يەرشارى جانلىقلىرىغا
تەقلىد قىلىپ، گېن تېخنىكىسى ئارقىلىق سۈنئىي ھالدا
جانلىق يېتىشتۈرۈپ چىققان. ئاشۇ سىناقنىڭ مەھسۇلى

بولغان چاشقان بىلەن ئاق شاكال دەرىخى شۇ دەۋرلەردىكى يەرشارىنىڭ «خوجايىنلىرى»— غايەت زور ئۆمىلىگۈچىلەر (دىنوزاۋۇرلار) تاشقى پلانت ئادەملىرى تەرىپىدىن لازېر-لىق قورالللار بىلەن ئوۋلىنىپ تۈگىگەندىن كېيىنمۇ بۇگۈن-گە قەدەر ياشاپ كەلگەن. ھالبۇكى، يادرو ئېنېرگىيىلىك ئۈچۈش قوراللىرىنى ئىشلىتىۋاتقان تاشقى پلانت ئادەملى-رىنىڭ بەدەن ئورگانىزملىرىدا يادرو بۇلغىنىشقا قارشى تۇرالايدىغان ئىرسىيەتلىك ماددىلار ئالللىقاچان شەكىلل-نىپ بولغان ياكى ئىنسانلار ئىشلىتىۋاتقان تۇرلۇك ۋاكسى-نىلارغا ئوخشاش ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى يولغا قويۇل-غان. ئۇلار يەر شارى مۇھىتىغا ماسلاشتۇرۇلۇپ يېتىش-تۈرگەن بۇ جانلىقلارنىڭ تېنىدىمۇ بۇ خىل ماددىلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي.

## 4

. . . جانلىقلار ئورگانىزمىنىڭ ماددا ئالمىشىش جەريانىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ھەر خىل فېرمېنت ۋە گورمونلار تۈرلۈك ۋىتامىن ۋە ئۇلاردىن شەكىللەنگەن مۇ-رەككەپ ماددىلاردىن پەيدا بولغان. «ۋىتامىن» دېگەن سۆز-دىكى «ۋىتا» لاتىن تىلىدا ھايات دېگەن مەنىنى، «ئامىن» گرېكچە ئازوتلۇق بىرىكمە دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئازوت-قا مۇناسىۋەتلىك ئېلېمېنت كاربون بار. كاربون ئاتوملىرى-نىڭ ماسسىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ ئۆز رېتى بويىچە كاربون—12، كاربون—13، كاربون—14 دەپ

ئاتالغان. كاربون—14 ئاتموسفېرادىكى ئازوت—14 نىڭ ئالەم نۇرىنىڭ زەربىسى ئاستىدا ئۆزگىرىشى ئارقىلىق پەيدا بولغان. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ھۇجەيرە پلازمىسى (ستوپلازما) يادرو رېئاكسىيىسى ئېلىپ بارالايدىغان «ئا-توم قازىنى» ھېسابلىنىدۇ. ۋەھالەنكى جانلىقلار ئورگانىز-مىدىمۇ ئوزۇقلۇق ماددىلارغا بولغان ئېھتىياجنى قاندۇ-رۇش ئۇچۇن، ھاياتلىق پائالىيىتىدە ئارتۇق ئېلېمېنتلارنى ئېھتىياجلىق ئېلېمېنتلارغا ئۆزگەرتەلەيدىغان ئىقتىدار يې-تىلگەن.

ئىلىگ بەگنىڭ «تەپەككۇر ماشىنىسى» ئىگىسىنىڭ خاھىشى بويىچە پىكىر يۈرگۈزۈپ، تۈرلۈك قىياسلارنى ئوتتۇرىغا قويالايتى ۋە بۇ قىياسلارنى مەنتىقىلىق ھالدا بىر-بىرلەپ خۇلاسىلەپ، سىستېمىلىق قانۇنىيەتلەرنى يەكۈن-لەيتتى.

قانۇنىيەت شەكلىگە كىرىپ ئومۇملاشقان قىياس شۇ بولدىكى: ئالەم نۇرى تەركىبىدىكى پروتون چاشقان تېنىدى-كى ئورگانىزملارنى تەشكىل قىلغان ئازوت ئىزوتوپى ئاتوم يادروسىغا سوقۇلۇپ، ئازوت ئىزوتوپىنىڭ ئوكسىگېنغا ئۆزگىرىشىنى ۋە بۇ ئۆزگىرىشتە شەكىللەنگەن ئوكسىگېن-نىڭ يەر شارى شارائىتىدىكى ئوكسىگېن بىلەن نەپەسلىنى-شىگە ماسلىشىپ، ئۇنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتىدە رول ئوي-نىشىنى تېزلىتىدۇ. بۇ خىل ئىقتىدار يەر شارى مۇھىتىدا تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ شەكىللەنگەن ۋە ئوكسىگېنلىق نەپەسلىنىش ھالىتىدە ياشاپ ئادەتلەنگەن باشقا جانلىقلاردا مەۋجۇت ئەمەس. ئازوتنىڭ ئوكسىگېنغا ئۆزگىرىش جەريا-

نىدىكى يادرو يىمىرىلىشتە پەيدا بولغان رادىئاتسىيە نۇرلىـ
ـرى يادرو بۆلغىنىشىنىڭ زىيىنىغا ئۇچراشنىڭ ئۇنۇملۇك
ئالدىنى ئالالايدۇ، يەنى چاشقاننىڭ تېنىدە يادرو بۆلغىنىشقا
قارشى ئىممۇنىتېتلىق ئىقتىدار يېتىلگەن.
ئىلىگ بەگ ئېغىرلاشقان قاپاقلىرىنى زورىغا كۆتۈـ
رۈپ نەزەرىنى باشقا تەرەپكە ئاغدۇردى. ئۇ پايانسىز كەتكەن
ياپيېشىل چىمەنلىكتە تۇراتتى. سىم - سىم يامغۇر ئوت
- چۆپلەرنى يۇيۇپ تاپ - تازا قىلىۋەتكەن ئىدى. مەرۋايىتـ
ـتەك جۇلالىنىۋاتقان تامچىلار كۇلۇۋاتقاندەكلا تۇيۇلاتتى.
ئۇشتۇمتۇت يامغۇر شارقىراپ قۇيۇۋەتتى - دە، بايامقى
چىرايلىق مەنزىرىلەر كۆرۈمسىز تۇسكە كىرىشكە باشلىـ
ـدى.
— كۆزلىرىڭىز يۇمۇلۇپ كېتىپتۇ. بىردەم ئۇخلاپ
كۆزىڭىزنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالامسىز؟
يېقىملىق بىر ئۈن ئىلىگ بەگنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلىـ
ـدى. ئۇ ھاجىتى يوق دېگەن مەنىدە كۇلۇپ قويدى.
— قۇياش ھەرىكىتى كۈچەيگەن چاغلاردا زور مىقدار-
دىكى پروتون زەررىچىلىرى چاشقان تېنىدىكى ئازوت —
16 نىڭ ئوكسىگېنغا ئايلىنىشىنى تېزلىتىۋېتىپ ئەسلىدىـ
ـكى تەبىئىي نىسبەتنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ - دە، ئىچكى تەڭـ
ـپۇڭلۇق بۇزۇلۇپ چاشقاننىڭ ھاياتى خەۋپكە ئۇچرايدۇ.
بۇ كۆز قاراشنى ئايچېچەك تېزلا ئىسپاتلاپ چىقتى.
چاشقان قۇياش ھەرىكىتى ئاجىزلىغان يىللىرى بەك
كۆپىيىپ كېتىدىكەن. ئەكسىچە قۇياش ھەرىكىتى قانچە
كۈچەيسە، چېكەتكە شۇنچە كۆپىيىدىكەن، قۇياش ھەرىكىـ

ـتى تازا كۆچەيگەن يىلى تۇغۇلغان قوزىلارنىڭ تېنى باشقا يىللاردا تۇغۇلغان قوزىلاردىن 5— 15 پىرسەنتكىچە ئېغىر بولىدىكەن . . .

## 5

— ئىلىگ بەگ، سىز ياساپ چىققان يېڭى تىپتىكى چاشقان ئۆلتۈرۈش ئەسۋابى چاشقانلارنى تۇپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇشتا كارامىتىنى كۆرسىتىپ «ساياھەت دۇنياسى» روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىنىڭ نامىنى يەنە بىر قېتىم تونۇتۇشى ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىشى شەك - شۈبھىسىز.

— سىزنىڭ ئەجرىڭىزنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ. كېسىپ ئېيتالايمەنكى، سىز بولمىغان بولسىڭىز بۇ ئىش ۋۇجۇدقا چىقمايتتى.

ئوخشاش قۇتۇپلۇق ماگنىتنىڭ تېپىشىشىدىن ئىبارەت مۇتلەق قانۇنىيەتنىڭ ئەكسىچە، ئىككى ياش ئالىمنىڭ ۋۇ-جۇدىدىكى بىئولوگىيىلىك ماگنىت مەيدانىنىڭ ئوخشاش قۇتۇپلىرى تارتىشىشتى، يېقىنلاشتى. ئىككى جۇپ كۆز-لەردىن چاقنىغان نۇر تۇرغۇن يۇلتۇزغا — قۇياشقا ئايلان-دى. چىن سۆيگۈ، كۈچلۈك ئېتىقاد، خالىس نىيەت، سەمىمىي غەمخورلۇق، چەكسىز مىننەتدارلىقتىن ئاپىرىدە بولغان پاك، گۈزەل يەر شارىغا قايتىدىن ماكانلاشقان ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا ئىنسانىيەت ھاياتلىقىنىڭ يەنە بىر مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. . .

— كەچۈرۈڭلار مەن سىلەرنىڭ زور قىرغىنچىلىق ئېلىپ كېلىدىغان ئۇ قورالىڭلارنى يوق قىلىۋەتتىم.

ئىلىگ بەگ بىلەن ئايچېچەك ئاۋاز چىققان تەرەپكە— ئەقلىي ئىقتىدارلىق كومپيۇتېرغا، يەنە كېلىپ ئىنساندەك ئەقىل - پاراسىتىنىڭ مەھسۇلى ۋە «قولى» بولغان ماشىنىغا قارىدى.

— قىرغىنچىلىق؟ چاشقانلارنى يوقىتىش ئىنسانىيەت مەنپەئىتىنى قوغدىغانلىق.

— ئەمەلىيەتتە ئىنسانلار چاشقاندىنمۇ بەكرەك گۇناھكار. ئىنسانلارنىڭ بالايىئاپەتلىرىگە نىسبەتەن چاشقاننىڭ كىچىككىنە زىيىنى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. سىلەر بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىمىدىڭلارمۇ؟ چاشقان پۈتۈنلەي تۈگىسە ئۇنى ئوزۇق قىلىدىغان كۆشەندە ھايۋاناتلار قانداق ياشايدۇ؟ مەسىلەن، بىر يىلدا 1500 دىن ئارتۇق دالا چاشقىنىنى يەپ، بىر تونىنا ئاشلىقنى قوغداپ قالىدىغان مۈشۈكياپىلاق سىلەرنىڭ دوستۇڭلار ئەمەسمۇ؟ سىلەرگە ئوخشاشلا يەر شارىنىڭ پەرزەنتلىرى بولغان ئاشۇ قوشناڭلارنى، قېرىنداشلىرىڭلارنى، دوستۇڭلارنى ھالاك قىلىش ۋىجدانىڭلارمۇ؟ سىلەر ئىنتايىن ئەخمەقكەنسىلەر. يەتكۈزىدىغان زىيانلىرىنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ چاشقانغا ئېتىقاد قىلغاندەك، ئۆزۈڭلارنىڭ بىردىنبىر مېڭىش يولۇڭلارغا ئالدىن ھالاكەت ئازگىلىنى كولايدىكەنسىلەر.

ئىلىگ بەگ بىلەن ئايچېچەك ھاڭ - تاڭ بولۇپ نېمىدېيىشىنى بىلەلمەي قالدى.

— ئۈچ مىليارد يىل ئىلگىرى يەر شارىدا جەمئىي

500 مىليون خىل هايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك بولۇپ، هازىر ساقلىنىپ قالغىنى ئىككى مىليون خىل. ئۇلارنىڭ يوقاپ كېتىش نىسبىتى 6 . 99 پىرسەنتكە يەتكەن. 1600 يىلدىن بۇيان 130 خىل هايۋانات قىرىلىپ كەتكەن بولۇپ، بۇنىڭ 75 پىرسەنتى ئادەملەر تەرىپىدىن يوقىتىلغان. كومپيۇ- تېرنىڭ سۆزلۈك ئاۋازى خۇددى يىغلاۋاتقاندەك بوغۇلۇپ چىقىۋاتاتتى، — هازىر دۇنيا بويىچە كۈنىگە 100 نەچچە خىل، يىلىغا 50 مىڭ خىل ئۆسۈملۈك ۋە ياۋايى هايۋانلار- نىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ تەسىرىدە، ئاتموسفېرادىكى كاربون ( Ⅳ ) ئوكسىدى بىلەن چاڭ - توزانلارنىڭ مىقدارى كۈنسېرى ئېشىپ، يەرشارى- نىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە. دۇنيا بويىچە يىلىغا تەخمىنەن 17 مىليون گېكتار يەردىكى ئورمان ۋەي- ران قىلىنماقتا. هەر يىلى قۇملىشىپ كېتىۋاتقان يەر كۆلىمى 50— 70 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدۇ.

— ئىنسانىيەت مۇهىتىنىڭ يامان سۈپەتلىك ئايلىنى- شىدىكى مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ ۋە ئۇنى چوقۇم ئۆز ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ. . .

— ئاۋۋال بۇزۇپ، كېيىن تۈزەش يەنى ئاگاهلاندۇ- رۇشقا پىسەنت قىلماي قەستەن گۇناه ئۆتكۈزۈش، ئاندىن تۈۋا قىلىپ سەۋەنلىكلىرى قالدۇرغان ئىز - داغلارنى يۇ- يۇپ بولالماسلىق ئىنسانىيەتكىلا خاسمۇ؟

كومپيۇتېرنىڭ مەسخىرىلىك كۈلكىسى ئۇلارنىڭ مې- ڭىسىنى زىڭىلدىتىۋەتتى.

— مەن ئىنسانىيەتنىڭ كەچۈرگۈسىز جىنايەتلىرىگە

شېرىك بولۇشنى، ئايىغىغا كۆز يەتمەس گۈناھلىق يولل-
رىڭلارنىڭ توپا - چاڭلىرىدا بۇلغىنىشنى خالىمايمەن.
خەير - خوش.
كومپيۇتېرنىڭ ئېكرانى ئۆچتى. چەكسىز ئالەمنىڭ
يىراق ئۇپۇقىدىن كەلگەندەك ئىنتايىن ئاجىز خۇرسىنىش
ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا چاقماق چېقىلغاندەك لاپپىدە ئوت ئال-
دى - دە، ھەش- پەش دېگۈچە كۆزدىن غايىب بولدى.



# ھالاكەت بوسۇغىسىدا

مىلادىيە 2150 - يىلى.

يەر شارىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل كېسەللىك تارقىلىشقا باشلىدى. كىشىلەرگە ئاجايىپ ۋەھىمە سېلىپ تېز يامراۋاتقان بۇ كېسەللىكنىڭ ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ۋە غەلىتە يېرى شۇكى، يۇقۇملانغان ئادەمنىڭ بەدىنىدە ھېچقانداق ئاغرىق سېزىمى پەيدا قىلمايتتى ھەم جېنىغىمۇ زامىن بولمايتتى، پەقەت ئادەمنىڭ تەپەككۇر قىلىش پائالىيىتىنى توسقۇنلۇققا ئۇچرىتاتتى، تورمۇزلايتتى. تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى يوقالغان ئادەملەر نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدىغان ۋە مەقسەتسىزلا ھەرىكەت قىلىدىغان بىر توپ «ساراڭ»لارغا ئايلىنىپ قالاتتى. كېسەلنى داۋالاشلا ئەمەس، ئالدىنى ئېلىشقىمۇ مېدىتسىنا ساھەسىدە يارىتىلغان ئەڭ ئۈنۈملۈك دورىلارمۇ كار قىلمىدى. بۇ كېسەللىك ئىنسانلارنىڭ ئەقىل - پاراستى بىلەن بەيگىگە چۈشۈپ ئۇنى ئارقىدا قالدۇرغان ئىدى ۋە ئەمدى قانداق قىلىسەنكىن، دەپ مەسخىرە قىلىپ كۈلۈۋاتاتتى. يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان پەن - تېخنىكا بىلەن قوراللىنىپ كائىناتتىكى بىردىنبىر گىگانت مەخلۇققا ئاي-

لانغان ئىنسانلار ئاجايىپ قۇدرەتلىك ۋە نامەلۇم بىر قول تەرىپىدىن ئەخمەق قىلىنىۋاتاتتى. بۇ قول گويا مۇشۇك بولسا، ئىنسانلار مۇشۇكنىڭ ئالىقىنىدىكى ئۇنىڭغا ئويۇن بولۇپ بېرىۋاتقان ھەم ئۆزى جان قايغۇسىدا تىپىرلاۋاتقان بىچارە چاشقانغا ئوخشىشىپ قالغان ئىدى. قىسقىسى، ئىنسانلار خۇددى ئەتراپىدا قولۇم - قوشنىلىرىمۇ بولمىغان پىنھان بىر جايدا يالغۇز ياشىغۇچى ئادەم ئىلگىرىكى كۆنلىرىدىكىدەك خاتىرجەم ھالدا سەيلە قىلغىلى چىقىپ كېتىپ قايتىپ كەلگەندە، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈش ۋاسىتىلىرى بار بولغان ئۆيىگە ئوت كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، بىردەملىك بىخەستەلىكى ئۇچۇن ئۆزىگە كايىغان ھالدا روزدىغارلىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن يالماپ يۇتۇۋاتقان ئوتنى تىللىغىنىچە ئۆكۈنۈش، ئېچىنىش، چارىسىزلىق بىلەن قاراپ تۇرغاندەك، نېمە قىلارنى بىلمەي گاڭگىراپ قالغان ئىدى. دۇنيا ئەنسىزچىلىك بىلەن تولغان ئىدى.

ئىنسانلار ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز ئەقىل - پاراسىتى بىلەن كامال تېپىپ، «قىيىنچىلىق» دېگەن ئاتالغۇنى ئۇنتۇپ كەتكىنىگە ئۇزاق زامانلار بولغان ئىدى. ئۇلار نېمە قىلىشنى خالىسا شۇنى قىلاتتى، نېمىنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلسا شۇ بولاتتى، نېمىنىڭ كۆزدىن يوقىلىشىنى خالىسا شۇ يوقىلاتتى. ئۇلار بۇ چەكسىز دۇنيانىڭ ئىگىسى، ئالىي ھۆكۈمرانى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىرادىسى ھەممىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. شۇڭا ئۇلار ناھايىتى ئەركىن ۋە مەغرۇر ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇلار ئويلىمىغان بىر يېڭى «رەقىب» پەيدا بولدى. بۇ «رەقىب» ئۇلارنىڭ مەغرۇرلۇقى، كۆرەڭلىكى-

ـگە رەھىمسىز بىر كاچات سالدى.
بۇ نىمىنىڭ بىشارىتى بولغىيدى، ياكى قەدىمكى دىـ
نىي كىتابلاردا ئېيتىلغان قىيامەت كۈن يېتىپ كەلدىمىـ
كىن. خۇدا ئىنسانلارنىڭ چېكىدىن ئاشقان جىنايەتلىرىدىن
ھېساب ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلار تەسەۋۋۇر قىلمىغان بىر
خىل ئۇسۇل بىلەن جازالاۋاتامدىكىن. چۈنكى مەغرۇرلۇق-
كۆرەڭلىك ئاسانلا كۆزنى قارىغۇ، ئەقىلنى گالۋاڭ قىلىپ
قويىدۇ. بۇ چاغدا ئۆزىنىڭ قانداق قىلغاندا ئاقىللارچە ئىش
قىلىدىغان بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان بوپقالىدۇ. يامان
ئىشلارنى قىلغانلىقىنى، ھەتتا جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىـ
نىمۇ سەزمەيدىغان، سەزسىمۇ شۇنداق بولۇشىنى ئەقىلگە
مۇۋاپىق دەپ قاراش ئادەتكە ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەنە
شۇنداق قارىغۇلۇق، گالۋاڭلىق ئىچىدە قانچىلىك يامان
ئىشلارنى قىلغانلىقىنى، قانداق جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزگەنلىـ
كىنى بىلمەي قالىدۇ.
ئامالسىزلىق گۇناھىنى تونۇغانلىق، سادىر قىلغان
سەۋەنلىكى، ئۆتكۈزگەن جىنايىتىنى ئىقرار قىلغانلىق بولـ
مىغاندەك، ئۆزىنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرىنى تونۇش، ئىقـ
رار قىلىشمۇ ئوخشاشلا ھەرىكەت قىلماسلىق، تەدبىر قولـ
لانماسلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئۇشتۇمتۇت ئالدىدا پەيدا
بولغان بۇ «رەقىب» نىڭ شىددەتلىك زەربىسى ئىنسانلارنىڭ
قىزىپ كەتكەن كاللىسىنى سەگىتەلەرمۇ؟ قېلىپىدىن چىـ
قىپ كېتىۋاتقان ئەقلىنى توغرا يولغا باشلىيالارمۇ؟ . . .
ئىنسانلار كۆز ئالدىدىكى بۇ كۈچلۈك «رەقىب» نى يېڭىشكە
بەل باغلىشى، «رەقىب» نگە دەرھال ئىنكاس قايتۇرۇشى

كېرەك. شەكسىزكى، بۇ «رەقىب» ئۇلارنىڭ خىلىدىن بې-رى ئىتتىلىپ قىلىشقا باشلىغان ئەقىل بۇلىقىنىڭ كۆزىنى ئاچىدۇ. ئۇ پەيدا قىلغان قورقۇنچ، جىددىيلىك، ساراسىمە تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا ئىنسانلارغا پايدىلىق. ئىنسانلار بۇ يامان ئىشنى چوقۇم ياخشى ئىشقا ئايلاندۇرىدۇ. ئىنسا-نىيەت تېخىمۇ غالىبلىققا قەدەم قويىدۇ. چۈنكى، «رە-قىب» سىز شەيئىي مەغرۇرلىنىپ تېز چۈشكۈنلىشىدۇ، ئاسانلا ھاياتىي كۈچىدىن مەھرۇم قالىدۇ. كۈچلۈك «رە-قىب» نىڭ بولۇشى ھەر دائىم ھوشيار - سەگەك بولۇشقا، ئەقىل بىلەن ئىش قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ-دە، تېز چۈش-كۈنلىشىپ ئاسان يوقىلىشتىن ساقلاپ قالىدۇ. دۇنيا مۇ-شۇنداق ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ كۈرىشى ئىچىدە توخ-تىماستىن ئىلگىرىلەيدۇ، ئالغا باسىدۇ، يېڭىلىق يارىتى-لىدۇ، تۆھپىلەر بارلىققا كېلىدۇ...

پۈتكۈل دۇنياغا تەھدىت سېلىۋاتقان ۋە بارغانسېرى تېز سۈرئەتتە تارقىلىۋاتقان كېسەللىككە تاقابىل تۇرۇش تەدبىرىنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن خەلقئارالىق سەھىيە تەش-كىلاتىنىڭ يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا قاتناشقۇچىلار بۇ مەسىلە توغرىسىدا بۇرۇنلا ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىشنى باش-لىغان بولسا كېرەك، رىياسەتچى يىغىن ئېچىلىشىنىڭ مەق-سىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بولغۇچە تۈرلۈك مۇھاكىمىلەر باشلىنىپ كەتتى.

— سىز بىلىدىغان ۋە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاشتا ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ھەرقانداق دورىنىڭ ئۈنۈ-مى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، بىز دەرھال تېببىي مۇتە-

خەسسىسلەرنى گۇرۇپپىلارغا ئايرىپ تەشكىللەپ، كېسەل-لىك كەڭ تارقالغان رايونلارغا ئەۋەتىپ، كېسەللىكنى تەت-قىق قىلىشىمىز ۋە شۇ ئاساستا يېڭى دورىلارنى ياساپ چىقىشىمىز كېرەك.
— ئالدىنى ئېلىش - مۇداپىئەلىنىشنىڭ مۇۋاپىق ئۇ-سۇلى تېخى تېپىلغىنى يوق، تەتقىق قىلغىلى كېسەللىك رايونىغا بېرىش ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەن بىلەن بارا-ۋەر،— دېدى بىر پېشقەدەم تەتقىقاتچى ،— مېنىڭچە، بىز دەرھاللا قىلالايدىغان بىر ئامال، كېسەللىك رايونلىرى بىلەن تېخى يۇقۇملانمىغان رايونلارنى ئايرىۋېتىش كېرەك.
— كېسەللىك ئىنسانلار ياشاۋاتقان جايلارنىڭ يېرىمى-غا يېقىن رايونلارغا تارقىلىپ بولدى. بۇنداق كەڭ دائىرىدە ئايرىۋېتىش توسىقى ياساش مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر كې-سەللىك رايونلىرى ئايرىۋېتىلدى، دېگەن ھالەتتىمۇ ئۇنىڭ كېسەللىك يوق يەرلەرگە تارقالماسلىقىغا ھېچكىم كاپالەت-لىك قىلالمايدۇ،— دەپ قارشى تۇردى يەنە بىر ئالىم.
— مېنىڭچە، كېسەللىك كەڭ تارقالغان رايونلارغا كۆيدۈرگۈچى بومبىلارنى قويۇپ بېرىپ كۆيدۈرۈۋەتسەك، مەن دېگەن بۇ پىكىرمۇ ئەلۋەتتە ئامالسىزلىقتىن بولۇۋاتقان گەپ. . . دېدى بىر مۇتەخەسسىس.
— بۇنداق قىلىش چېكىدىن ئاشقان ھەم كەچۈرۈپ بولمايدىغان جىنايەت. بىز كېسەللىك بىلەن ئادەمگە ئوخ-شىماي قالغان قېرىنداشلىرىمىزنى ھالاك قىلىش بەدىلىگە ئۆزىمىزنى قۇتقۇزۇشقا ئۇرۇنساق بولمايدۇ.
— بىزنىڭ مەقسىتىمىز پەقەت ئۆزىمىزنىلا ساقلاپ

قىلىش ئەمەس، بەلكى كۆتۈلمىگەن بالا - قازاغا ئۇچراپ، غەلىتە كىسەللىككە گىرىپتار بولغان قېرىنداشلىرىمىزنى، ماھىيەتتە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزۇۋېلىش.

— بۇ، ئىنسانپەرۋەرلىككە خىلاپ بولۇپ قالماستىن ئەقەللىيسى بىز تېببىي خادىملارنىڭ كەسپىي ئەخلاقىغا، بۇرچىمىزغا ئۇيغۇن ئەمەس.

كۆپچىلىك بىر پەس ئۈنى - ئۈنى دېيىشتى. بايىقى غەزەپلىك چۇقانلارمۇ ئاستا بېسىلىپ، ھەممىسىنىڭ كال- لىسى يوغان بىر پارچە چويۇن ئېسىلغاندەك ساڭگىلاپ كەتتى. بۇ ھالەت ئامالسىزلىقتىن ئۆزى قارشى تۇرغان پىكىرگە يول قويۇشقا مەجبۇر بولۇۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. كۆپچىلىكتە ئىپادىلەنگەن بۇ خىل كەيپىياتنى سەزگەن بايىقى مۇتەخەسسىس سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

— مەن كۆپچىلىكنىڭ ھېسسىياتىنى چۈشىنىمەن، چۈنكى مەنمۇ سىلەردەك ئادەم. مېنىڭ ھېسسىياتىممۇ سى- لەر بىلەن ئوخشاش، بىراق مەن ھېلى ئىزاھلاپ ئۆتكى- نىمدەك ئامالسىزلىقتىن شۇنداق دېيىشكە مەجبۇر بول- دۇم. بۇمۇ ئىنسانىيەت نەسلىنىڭ مۇشۇنداقلا قۇرۇپ كەت- مەسلىكى ئۈچۈن بىزگە قالغان ۋە بىز قىلالايدىغان ئاخىر- قى چارە. تېببىي ئىلىم ھازىرقىدەك تەرەققىي قىلمىغان دەۋرلەردە ئەجدادلىرىمىز ئۇرۇش ۋە باشقا ھەر خىل سە- ۋەبلەر بىلەن ئېغىر يارىلانغان كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى ساق- لاپ قېلىش ئۈچۈن پۈتۈنلەي كاردىن چىققان پۇت - قولىنى كېسىۋېتىشكە مەجبۇر بولغانغۇ. بۇ شۇنىڭغا ئوخشىشىد- غان بىر ئىش، خالاس.

كۆپچىلىك بىرنەچچە مىنۇت ئۆزئارا كۇسۇرلاشتى -
دە، جىم بوپقالدى. ئەقىل كۆرسىتىدىغان، مۇنازىرە قىلىد-
دىغانلارمۇ قايتا چىقمىدى. بۇ ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق قارار
چىقىرىشقا كۆڭلىدە تايىن تېپىپ بولغانلىقىنى، لېكىن
ئالدىن پىكىر قاتناشتۇرۇپ، مەسئۇلىيەت يۈكىنىڭ مەلۇم
دەرىجىدە كۆپرەك ئارتىلىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش يۈزد-
سىدىن قوشۇلۇشقا دەرھال ئىپادە بىلدۇرۇشكە جۈرئەت
قىلالمايۋاتقانلىقىنى بىلدۈرەتتى.

— رەھمىسىز ئەبلەخلەر، نومۇس قىلىساڭلارچۇ.

گۇلدۇرمامىدەك كۈچلۈك ۋە غەزەپلىك بىر ئاۋاز ئۇ-
لارنى قاتتىق چۆچۈتىۋەتتى. كۆپچىلىك قارىسا، قاراقاش،
كۆزلىرى چوغدەك يېنىپ تۇرغان بىر كىشى ئۆزلىرىگە
ھومىيىپ قاراپ تۇرۇپتۇ.

— مەن سىلەرنىڭ شۇ تاپتا كۆڭلۈڭلەردە نېمىلەرنىڭ
كېزىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپتىمەن. سىلەر ئۆز قېرىند-
داشلىرىڭلارنى قىرغىن قىلىپ، ئۆزۈڭلارنى خەۋپتىن
ساقلىماقچى بولۇۋاتىسىلەر. مۇشۇ خىيالىڭلاردىن نومۇس
قىلماسىلەر، ئادەم بولغىنىڭلارغا لەنەت.

«بۇ كىم بولغىيدى؟» ھەممەيلەننىڭ كاللىسىغا دەر-
ھال مۇشۇ سوئال كەلدى. يىغىن رىياسەتچىسىنىڭ يېنىدا
ئولتۇرغان بىرسى ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى.

— ئەپەندىم، — دېدى يىغىن رىياسەتچىسى ئورنىدىن
تۇرۇپ، — بۇ يەر خەلقئارا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ يىغىن
مەركىزى . بىز پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بىخەتەرلىكى ،
جۈملىدىن سەھىيە ئىشلىرى بويىچە يىغىن ئېچىۋاتىمىز .

سىز بىلەن دېمەكچى بولغىنىم ، سىزنىڭ كەسپىڭىز بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق . ئەڭ ياخشىسى سىز بۇ يەردىن چىقىپ كېتىپ ، ئىنسانلار ئىشلەتمىگىلى ئۇزاق بولغان ئاشۇ ئۆلگەن تىللار ھەققىدىكى تەتقىقاتىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىڭ .

يىغىن رىياسەتچىسىنىڭ مەسخىرىلىك سۆزلىرى كۆپ-چىلىكنىڭ كاللىسىدىكى سوئالىغا جاۋاب بېرىپ بولغان ئىدى. بۇ ھېلىقى «ساراڭ» دەپ نام ئالغان تىلشۇناس ئالىم ئەمەسمۇ. ئۇ، دۇنيادىكى ئىشنىڭ تولىلىقىدا خۇددى قىلىدىغان ئىش تاپالماي قالغاندەك ئىشلىتىشتىن قالغان كونا، قەدىمىي تىللارنى تەتقىق قىلاتتى. كىشىلەر، ئىن-سانلار تەرەققىي قىلىپ ئورتاق بىرلا تىلنى ئىشلىتىۋات-قان، ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق تىل توسالغۇسى قالمىغان چاغدا ئۆلگەن تىللارنى تەتقىق قىلىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى، دەپ قاراپ ئۇنى كۆزگە ئىلمايتتى، ئارىغا ئالمايتتى. بۇ «ساراڭ» ئاشۇ ئەھمىيەتسىز، بىھۇدە ئىش-لىرىنى قىلماي بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلگەندۇ؟

— ئىنسان بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئىنسانلارنىڭ تەق-دىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقان سورۇنغا كىرىشكە ھوقۇقلۇقمەن، دېدى ياش ئالىم، — مەن سىلەرنى قانچىلىك بىر ئۇنۇملۇك تەدبىرنى تېپىپ چىقالايدىكىن دېسەم، ھېچنېمىنى ھەل قىلالمىدىڭلار، ئەكسىچە، ئىنسانىيەت تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر قېتىملىق قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىش پىلانىغا قوشۇلۇشقا تەييارلاندىڭلار .

ئۇ بىر پەس تۇرۇۋېلىپ ھەممەيلەنگە بىر قاراپ چىقـ-
تى. كۆپچىلىك يۈزى قىزارغان ھالدا ئۇنىڭ سۆزلىرىگە دىققەت قىلىپ ئولتۇراتتى.

— مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، مەن سىلەر ئەھمىيەتسىز، زۆرۈرىيىتى يوق، دەپ قارىغان تەتقىقاتىم بىلەن بۇ قېتىم ئىنسانلار ئارىسىدا تارقالغان قورقۇنچلۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىققانلىقىمنى جاكارلىماقچىمەن.

« نېمە ، بۇ كېسەلنىــڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش ئۇسۇلى؟ !

— ئەپەندى، سىز يېڭىلىشتىڭىز،— دەپ سۆز قاتتى بىرسى ئورنىدىن تۇرۇپ،— بىز بۇ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش ھەققىدە كۆپلىگەن تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، ھېچقانداق ئۈمىد بولمىغان چاغدىلا ئاندىن بۇ يەرگە يىغىلىپ، قانداق قىلىش توغرىسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىۋاتىمىز. بىلىشىمىزچە، سىزنىڭ تەتقىقاتىڭىزـ نىڭ بۇ كېسەللىك بىلەن، جۈملىدىن بىزنىڭ بۈگۈنكى مۇھاكىمىمىز بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق. شۇڭا بىزنى كولدۇرلاتماسلىقىڭىزنى، مۇمكىن بولغاندا، قۇرۇق خىـ-
يالغا بېرىلمەي ئەمەلىيەتكە بولغان بىرەر ئىشنى تاللاپ تەتقىق قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھېلىقى ئالىم بۇ ئاچچىق گەپلەرگە پەرۋا قىلمىدى، ئۇ تەمكىنلىك بىلەن شۇنداق دېدى:

— مەن سىلەرنىڭ ماڭا ئىشەنمەيدىغانلىقىڭلارنى، ئۆ-
مۈر بويى كۈچ سەرپ قىلىپ، يۈرەك قېنىمنى ئاقتۇرغان

ئەگىكىمگە ئىتىبارسىز قارايدىغانلىقىڭلارنى بىلىمەن، بىراق مەن ھازىر بۇ تېمىدا تالىشىپ، مۇنازىرىلىشىپ سىلەرنى قايىل قىلىمەن، دەپ ئولتۇرمايمەن. بۇنىڭغا ۋاقىت يار بەرمەيدۇ. ئېغىزنى ئۇپرىتىپ ئولتۇرغاندىن ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن مەشغۇل بولغان ياخشى. شۇڭا مەن گەپنى ئوچۇق دېسەم، مەن ھەقىقەتەن ئۇنۇملۇك دورا ياساپ چىقتىم. بۇ چاقچاق ئەمەس، مەن بۇ دورىنى ئۆزۈم سىناق قىلماقچى. مەن سىلەرنىڭ ماڭا ئىشىنىشىڭلارنى ھەمدە بۇ دورىنىڭ سىناقتىن ئۆتۈشى ئۈچۈن يېرىم ئايلىق مۆھلەت بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن كېسەللىك ئەڭ تېز ۋە كەڭ تارقىلىۋاتقان جايلارغا بېرىپ ، يۇقۇملاندىغان كىشىلەر بىلەن بىرگە بولىمەن. ئەگەر مەن ياسىغان دورىنىڭ ئۈنۈمى بولمىسا، مەن قايتىپ كېلەلمەيمەن . ئۇ چاغدا كېيىنكى قەدەمنى قانداق بېسىش ھەققىدە ئاقىلانىراق بىرەر چارە تېپىپ قارار چىقىرىشىڭلارنى سورايمەن. ئەگەر مەن ياسىغان دورىنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلۈپ ، نورمال ھالدا بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە قايتىپ كېلەلىسەم، ئۇ ھالدا مەن ياسىغان دورىنى ئىشلىتىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن.

يىغىن ئەھلىنىڭ مۇزاكىرىسى تېزلا ئاياغلاشتى. ھەممەيلەن بۇ تەلەپكە قوشۇلدى. ئۆستەڭنىڭ جىددىي ئېقىنىدا ئېقىپ كېتىۋاتقان ئادەمگە قىرغاقتىكى قومۇشنىڭ ئاجىز يىلتىزىمۇ نىجاتلىق ئۈمىدى بوپقالىدۇ.

ئۇ بەلگىلەنگەن رايونغا بېرىپ كېسەللەر — «ساراڭلار» بىلەن بىرگە ياشاشقا باشلىدى. ئىنسانلار نورمال كىشىلەر

تەرىپىدىن «سارالڭ» دەپ ھاقارەتلەنگەن بۇ شەخس ئىنسان-لارنىڭ كىيىنكى تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان غايەت زور يۈك-نى يۈدۈپ، ئەمدى ھەقىقىي «سارالڭ»لار ئىچىدە ياشىماقتا ئىدى. رەھىمسىز كېسەل تېخى يۇقۇشقا ئۈلگۈرمىگەن ئا-دەملەر ئۇنىڭ بارلىق پائالىيىتىنى كومپيۇتېرلىق تېلېۋى-زورلارنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، دىققەت بىلەن كۆزىتىۋاتات-تى. يەرشارىنىڭ ئەتراپىنى قاپلىغان سۈنئىي ھەمراھلار ئارقىلىق ئۇچۇر يەتكۈزۈش تورىنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت ياش ئالىمنىڭ ئەھۋالىنى تارقىتىش بولۇپ قالغان ئىدى. خەلق-ئارا سەھىيە تەشكىلاتىدىكى مۇتەخەسسىسلەر ئۇنىڭغا يى-راقتىن كۆرسەتمە بېرىپ تۇراتتى. كېسەللەر بىلەن بىللە ئۇخلاشنى تەلەپ قىلسا، بىرگە ئۇخلايتتى، كېسەللەر بى-لەن بىر قاچىدا بىرگە تاماق يېيىشنى تەلەپ قىلسا، بىرگە تاماق يەيتتى؛ كېسەللەر بىلەن بىر ۋاننىدا يۇيۇنۇشنى تەلەپ قىلسا، بىرگە يۇيۇناتتى. . . شۇنداق قىلىپ بىر ھەپتە تېزلىكتە ئۆتۈپ كەتتى. ئادەملەرنىڭ روھىدىكى بېسىم، قورقۇنچ كۈنسېرى يەڭگىللەپ، ئازلاپ باردى - دە، يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن پۈتۈنلەي تۈگىدى. ياش ئالىم، ياق، پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئاخىرى غەلىبە قىلدى. بۇ كۈن يېڭى دۇنياۋى بايرام قىلىپ بېكىتىلدى.

كىشىلەر ياش ئالىم ياساپ چىققان دورىنى بەس - بەس بىلەن سېتىۋېلىشقا كىرىشتى. بىراق ياش ئالىم بۇ دورى-نىڭ قېپىنى ھازىرچە ئاچماي تۇرۇشنى، دورا ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلىنى دۇنيا بويىچە بىرلا ۋاقىتتا ئېيتىپ بېرى-دىغانلىقىنى ئەسكەرتتى. ھەممەيلەن بۇ ئاجايىپ خاسىيەت-

لىك دورىدىن بىر قاپتىن سىتىۋالدى. ئۇلارنىڭ دىققىتى ياش ئالىمنىڭ ئاغزىغا قاراشلىق بوپقالدى.

كۆتكەن كۈن يېتىپ كەلدى.

ياش ئالىمنىڭ تەبەسسۇم پارلاپ تۇرغان چېھرى كومپيۇتېرلىق تېلېۋىزوردا پەيدا بولغاندا، كىشىلەرنىڭ قەلبىدە چەكسىز ھاياجان، خۇشاللىق، ئاپىرىن ئوقۇش ھېس - تۇيغۇلىرى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە كۆپچىلىك بىرلا ۋاقىتتا «دورا» قېپىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى - دە، ھەيران قالدى.

— بۇ نەدىمۇ دورا بولسۇن، ئۇ پەقەت ئادەتتىكى لازېرلىق پلاستىنكىغۇ؟!

— بۇ «ساراڭ» بىزنى ئەخمەق قىپتۇ، — دېدى بىرسى چالۋاقاپ.

— مانا بۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن خەلقئارالىق چوڭ ئالدامچىلىق.


— ئالدىرىماڭلار، بۇ ئىشنىڭ بىر سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن. ئۇ، كېسەللىكلەر تارقالغان يەردە كېسەللەر بىلەن بىرگە ياشاپمۇ ھېچنېمە بولمىغانغۇ.

— راست، ئۇنىڭ بىرەر چارىسى باردۇ. سەۋر قىلىپ سۆزىنى ئاڭلاپ باقايلى.

غۇلغۇلىلار ئاستا - ئاستا پەسكويغا چۈشتى. نەچچە مىليارد جۈپ كۆز بىراقلا ياش ئالىمغا تىكىلدى. ئۇ، كىشىلەرنىڭ قانداق ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقىنى ئالللىقاچان ھېس قىلغانلىقى ئۈچۈن، كۆپچىلىكنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغىنىچە تەمكىن ھالىتىنى ئۆزگەرتمەي تۇراتتى.

—مەن سىلەرگە بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەي، شۇ
چاغدا سىلەر بۇ «دورا» نىڭ تەڭداشسىز خاسىيىتىنى تەبى-
ئىي ھالداچۈشىنىپ يېتەلەيسىلەر، —ئۇنىڭ خىيال يىپى
خۇددى لازېر نۇرى ئالدىدىكى تۇسالغۇلاردىن تېشىپ ئۆ-
تۈپ، چەكسىز يىراقلارغا سوزۇلغاندەك، ئىنسانىيەتنىڭ
نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي مۇساپىسىگە سوزۇلدى، —
ئىنسانىيەتنىڭ ئالاقىلىشىش قورالى بولغان تىل بارلىققا
كېلىپ، سۆزلىشىشنى باشلىغانلىقىغا100مىڭ يىلدىن ئاش-
تى. تەخمىنەن بۇنىڭدىن50مىڭ يىللار ئىلگىرى تىل ئاف-
رىقىدىن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن
ئۈزلۈكسىز ھالدا دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا تارقالدى. XX
ئەسىردە دۇنيادا 6700 خىل تىل بار ئىدى. XXI ئەسىرگە
كىرىش ھارپىسىدا 20— 50 پىرسەنتكىچە بولغان تىل
يوقالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەر ئىككى ھەپتىدە بىر تىل
يوقىلىش سۈرئىتى بىلەن باشقا تىللارمۇ يوقالدى. تىلنىڭ
كۆپلەپ يوقىلىشىدا نۇرغۇن سەۋەبلەر بولۇپ، ئەڭ مۇھى-
مى دۇنيانىڭ بارغانسېرى قوشۇلۇپ كېتىپ، مەدەنىيەتنىڭ
ئاسسىمىلياتسىيىلىشىشى؛ ئاھالىلەرنىڭ كۆچۈشى ۋە باشقا
مىللەتلەر بىلەن تويلىشىش ئەھۋالىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگى-
شىپ، ئۆسمۈرلەر ۋە ياشلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك تىلى-
نى ئۆگىنىش ھاجەتسىز دەپ قارىدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ شۇ
خىل تىلنى قوغداش ۋە گۈللەندۈرۈشتىكى رولىنى ئۇنتۇپ
قالدى. مول ۋە كۆپ خىل تىلنىڭ يوقىلىشى بىلەن دۇنيا-
مۇ ئەسلىدىكى رەڭگارەڭ گۈزەللىكى، قىزىقارلىقلىقىدىن
مەھرۇم بولدى. ئىنسانلارمۇ تىل ئۆزىگە سىغدۇرغان

غايەت زور بىلىمىدىن ئايرىلدى. بىر خىل تىلنىڭ ئازىيىد-
شى بىلەن دۇنيادىكى كۆزىتىشنىڭ بىر خىل ئوخشاشمىغان
ئۇسۇلى يوقالدى. تىل ئىقتىدارىنى تەتقىق قىلىشتىكى
مۇھىم ئۇچۇر مەنبەسى ئازايدى. تىل بىلەن تەپەككۇر بىر
— بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. دۇنيادا بىر تىل يوقالدى،
دېگەنلىك ئىنسانلار بىر خىل تەپەككۇردىن مەھرۇم قالدى،
دېگەنلىك. يەنە كېلىپ، ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۆز ئانا
تىلىدىن ۋاز كېچىشى مۇتلەق ھاجەتسىز، چۈنكى ھەرقانداق
بىر كىشى ئىككىنچى بىر خىل تىلنى ئۆگىنىۋالالايدۇ.
— ئەسلىدە مۇنداق ئىكەن ـ دە...
كىشىلەر ياش ئالىم تەييارلاپ لازېرلىق پلاستىنكا
قىلىپ ئىشلىگەن ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، خىلمۇ
خىل تىللارنى ئۆگىنىشكە كىرىشتى.
كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارى كۆپ خىللاشتى.
ئىنسانىيەت دەرىجىدىن تاشقىرى تېز سۈرئەت بىلەن
تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. دۇنيا ئاجايىپ رەڭدارلىققا،
گۈزەللىككە تولدى.



# بەشىنچى قۇتۇپتىكى مەخپىيەت

دوكتور تۇراننىڭ سەزگۈلىرى ئاستا - ئاستا ئەسلىگە كەلدى. ئۇ ياردەمچىسى ئايسېلىنگ بىلەن ھەرە كۆنەلگۈسى شەكلىدىكى ئالتە تەرەپلىك بىر ئۆيگە قامالغانلىقىنى ھېس قىلدى. گەرچە ئۇنىڭ تەپەككۇرى تامامەن نورمال ھالەتكە كەلگەن بولسىمۇ، بەدەنلىرى تېخىچە كۆيۈشۈپ ئاغرىۋاتات-تى. ئۇ ئاغرىق ئازابىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن خىيالىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىممۇنىتېت سىستېمىسىغا پىچىرلاپ بۇيرۇق قىلدى ۋە تەسەۋۋۇرىدا ئۆزىنى پۈتۈنلەي ساغلام ھالەتتە كۆردى.

دوكتور تۇراننىڭ چوڭ مېڭە ئارقىلىق ئۆزىنى داۋالاش چارىسىنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلدى. ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسى ئۆزىچە ۋاكالىتەن كېسەل داۋالايدىغان كۈچلۈك داۋالاش قورالى بولالايتتى. چۈنكى تەپەككۇر ياكى بارلىق مەنىۋى پائالىيەتلەر سالامەتلىك بىلەن ئىنتايىن چوڭ مۇناسىۋىتى بولغان بىر خىل خىمىيىۋى ماددىنىڭ تۈرتكىسىدە تاماملى-نىدۇ. يەنى ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسى بىلەن ئىممۇنىتېت سىستېمىسى ئۆزئارا «پاراڭلىشىدۇ»، بۇ خىل «پاراڭلى-شىش» بىر خىل ئالاھىدە خىمىيىۋى ماددىنى «تىل»

قىلىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. چوڭ مېڭىنىڭ ئىممۇ-نىتېت سىستېمىسىغا مۇۋاپىق ئۇچۇرنى چىقىرىپ بېرىش نەتىجىسىدە بەدەنگە كىرگەن ھەرقانداق كېسەلنى يوقىتىش ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇڭا ياخشى كەيپىيات، خۇشال ھېسسىد-يات، قەتئىي ئېتىقاد، گۈزەل تەسەۋۋۇر، يۈكسەك ئۈمىد-ۋارلىق قاتارلىقلار ئارقىلىق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سالامەتلىكنى ياخشىلاش خىراجەت سەرپ قىلمىسىمۇ بولىد-دىغان داۋالاش ئۇسۇلى ئىدى.

دوكتور تۇران بەدىنىدىكى ئاغرىش سېزىمى تۈگەپ پىكىر قىلىشى يەنىمۇ راۋانلاشقاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەرگە قانداق قىلىپ قامىلىپ قالغانلىقىنى ئەسلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ياردەمچىسى ئايسېلىگ ھېلىغىچە ھوش-سىز ياتاتتى. تاتارغان چىرايىدىن بىلىنەرلىك دەرىجىدە قورقۇنچ ۋە بىئاراملىق چىقىپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ شۇ تۇرقى يەنىلا تاتلىق ئۇخلاۋاتقاندەك جەزىبىلىك كۆرۈنەتتى. گويا گىرىمسەن شولىلار چۇشۇپ تۇرغان تىنچ كۆل يۈزىنىڭ قويۇق ئورمانلار قاپلانغان پىنھان يېرىدىكى چىرايلىق تەنھا قولىۋاقتەك بىر خىل ئاسايىشلىق تۈيغۇسى ئاتا قىلاتتى.

ئۇلار ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىغا جايلاشقان «ئالۋاستى جىلغىسى» نى تەكشۈرگىلى كەلگەن ئىدى. بۇ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ ئىدى. ئاپئاق قار - مۇزلۇق تاغ تىزمىلىرى كۆركەم ۋە ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. دەريا - كۆللەر، سازلىقلار، يې-شىل ئوتلاقلار بىلەن قوشۇلۇپ ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى. يىلپىز، ياۋا تۆگە، سۇلەيسۇن

قاتارلىق كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان ھايۋانلار ۋە ئۇچار قۇشلاردىن 50 نەچچە خىلى ياشايتتى. بىراق مۇشۇنداق ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىگە ئىگە ھايۋاناتلار دۇنياسىدا كىشىنى شۈركۈندۈرىدىغان بىر جىلغا بولۇپ، نۇرغۇن ياۋايى ھايۋانلار بۇ جايدا ھاياتىدىن ئايرىلغان. بۇ جاينىڭ سۇ، ئوت-چۆپلىرى مول، مەنزىرىسى گۈزەل بولسىمۇ، لېكىن كۆپ يىللاردىن بېرى ھېچقانداق ئادەم بۇ يەرگە كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىغان. چۈنكى ئادەم، ھايۋان ياكى قۇشلار بۇ جايغا كىرىپلا قالسا سىرلىق غايىب بولۇپ كەتكەن ياكى جەسىتى چۆللۈككە تاشلىنىپ قالغان. ھەر يىلى ياز، كۈز پەسىللىرىدە بۇ يەر ئىنتايىن سىرلىقلىشىپ تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ھېلىلا قۇياش كۆلۈپ، مەيىن شامال چىقىپ تۇرغان ئوچۇق كۈندە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا قويۇن كۆتۈرۈلۈپ، بۇ «ئالۋاستى جىلغىسى» ئۈستىدە قارا بۇلۇتلار پەيدا بولۇپ، قۇلاقنى يارغۇدەك چاقماقلار چېقىپ، ئارقىدىنلا شارقىراپ يامغۇر يېغىپ كېتىدۇ.

مۇتەخەسسىسلەر تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ بۇ ھادىسىنى مۇنداق چۈشەندۈرگەن: نەم ھاۋا كوئىنلۇن تېغىنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچراپ، تاغ تىزمىلىرىنى بويلاپ ئەگىپ كېلىپ «ئالۋاستى جىلغىسى»غا توپلىشىپ، گۈلدۈرمامىلىق چاقماق بۇلۇتىنى ھاسىل قىلىدۇ. چاقماق بۇلۇتى زور مىقداردا ئېلېكتر زەرىتى ئېلىپ يۈرگەچكە، بوشلۇقتا كۈچلۈك ئېلېكتر مەيدانىنى ھاسىل قىلىدۇ. بىراق بۇ چۈشەندۈرۈشلەرنىڭ گۇمانلىق تەرەپلىرى كۆپ بولغاچقا،

دوكتور تۇران بۇ ھادىسىنى ئۇزۇل - كېسىل ئىنقىلاشقا بەل باغلىدى.

ئۇ ياردەمچىسى ئايسېلىگ بىلەن تەكشۈرۈشنى باشلىغاندىن بېرى كۆپ قېتىم گۇلدۇرماملىق يامغۇرغا دۇچ كەلدى. ئەمما ئۇلار بىرگە ئېلىپ كەلگەن مۇداپىئەلىنىش ئەسلىھەلىرىنىڭ ئىقتىدارى يۇقىرى بولغاچقا، خەۋپ - خەتەردىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈپ كەتتى.

— ۋاھ، نېمىدېگەن گۈزەل،— دېدى ئايسېلىگ بىر كۈنى ئارام ئېلىپ ئولتۇرغان چاغدا. قاراڭ دوكتور، ياپيېشىل گېلەمدەك يېيىلىپ ياتقان بۇ بۇك - باراقسان ئۆسۈملۈكلەرنى. ئەگەر ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەن بولسام، خەرىتىدە پايانسىز چۆللۈك بولۇپلا كۆرۈنىدىغان بۇ تەرەپلەردە بۇنداق غەلىتە ھەم گۈزەل مەنزىرىلەرنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمىگەن، ئاڭلىساممۇ ھېچقانداق ئاساسى يوق رىۋايەت دەپ چۈشەنگەن بولاتتىم.

— يەر شارىدا ھەر يىلى تەخمىنەن ئۈچ مىليارد ئىككى يۈز مىليون قېتىمدىن كۆپ چاقماق چاقىدۇ. يەنى بۇ ھەر سېكۇنتتا 100 قېتىمدىن توغرا كېلىدۇ. چاقماق چېقىشنىڭ زەرەت قويۇپ بېرىش ۋاقتى ئىنتايىن قىسقا— بىر دەقىقىدىن 10 دەقىقىچىلىك ئارىلىقتا بولسىمۇ، لېكىن ھاسىل بولىدىغان ئېنېرگىيە ئىنتايىن زور بولىدۇ. ئېنېرگىيە قۇۋۋىتى ئاز بولغاندا 2700 كىلوۋات، كۆپ بولغاندا ئون مىڭ كىلوۋاتقا يېتىپ، دۇنيادىكى قۇۋۋىتى ئەڭ كۈچلۈك بولغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قۇرۇلمىسىدىنمۇ ئېشىپ كېتىدۇ. چاقماق چاققان ۋاقىتتا ھاۋا مولې-

كۆلىلىرى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە 20— 30 سېلسىيە گرا-دۇس قىزىتىدۇ. بۇ جەرياندا ھاۋادىكى ئوكسىگېن بىلەن ئازوت رېئاكسىيىلىشىپ، ئازوت چالا ئوكسىد ھاسىل بو-لۇپ يامغۇر سۈيىدە ئېرىيدۇ. بىر قېتىملىق گۈلدۈرمامى-لىق يامغۇر 4— 5 توننا ئازوتلۇق ئوغۇت ھاسىل بولىدۇ. شۇڭا گۈلدۈرماملىق يامغۇر كۆپ يۇز بېرىدىغان جايلاردا ئۆسۈملۈكلەر بۈك - باراقسان ئۆسىدۇ.

— تۆت ئەتراپى كەڭ كۆلەملىك قۇرغاق رايونلاردىن ئىبارەت بولغان بۇ ئالۋاستى جىلغىسىغا نەم ھاۋانىڭ يېتىپ كېلىشى ئاسان ئەمەس، نەم ھاۋا يېتىپ كەلدى دېگەندىمۇ چوقۇم مىقدارى ناھايىتى ئاز. بىراق بۇ گۈلدۈرماملىق يامغۇرنىڭ شەكىللىنىشىدىكى غايەت زور ئېنېرگىيە قەيەر-دىن كەلگەن؟ بۇمۇ بىر ئۇلۇغ تەبىئەت ياراتقان مۆجىزە. گويا ئاجايىپ قۇدرەتلىك ۋە سىرلىق بىر كۈچ تەرىپىدىن سۈنئىي ھالدا ياسالغاندەكلا. . .

دەل شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ باش ئۈستىدە يالتىراق نۇر چېچىپ تۇرغان بىر ئۇچار جىسىم ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولدى - دە، نېرى - بېرىسىنى ئويلاپ بولغۇچە بىر ئىسسىق ئېقىم ئۇرۇلدى. ئۇلار گويا يانار تاغلاردىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ماگمىلار ئارىسىدا قالغاندەك، پولات تاۋلاش زاۋۇتىدىكى رۇدا ئېرىتمىلىرى بىلەن تولغان كۆل-چەككە چۈشۈپ كەتكەندەك چىدىغۇسىز ئىسسىقتا بىر دەمدى-لا خۇدىنى يوقاتتى.

دوكتور تۇران ئايسېلىگقا قارىدى. ئايسېلىگمۇ ئېسى-گە كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭمۇ پۈتۈن بەدىنى ئاغرىۋاتقاندەك

بولسا كېرەك، چىرايى ئازابلىق پۈرۈشكەن ئىدى. ئايسېـ
لىگمۇ مېڭە تەپەككۇرى ئارقىلىق ئۆزىنى داۋالاشقا باشلىـ
دى. «ئالۋاستى جىلغىسى» دا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتـ
قان چاغدا ئۇ بۇ ئۇسۇلدىن تالاي قېتىم پايدىلانغان ئىدى.
ئۇنىڭغا ئۇۋۇال بولىدىغان بولدى، دەپ ئويلىدى دوكـ
تور تۇران، چۈنكى ئۇلارنىڭ بۇ تۇتقۇنلۇقتىن قۇتۇلۇپ
كېتىش چارىسى ئېھتىمال ھازىرچە مەۋجۇت ئەمەس ۋە
يوقنىڭ ئورنىدا.
— ئۆزىڭىزنى قانداقراق سېزىۋاتىسىز؟— دەپ سوـ
رىدى دوكتور تۇران كۆيۈنگەن ھالدا ئۆزىگە قاراپ تاتلىق
بىرنى كۈلۈپ قويۇپ چاچلىرىنى تۈزەۋاتقان ئايسېلىگدىن.
—خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندەك تۇرىمەن، —
ئايسېلىگ بېشىنى كۆتۈرۈپ چاچلىرىنى سىلىكىدى. پارقىـ
راق ۋە قوڭۇر چاچلار تەكشى يېيىلىپ يەلكىسىنى ياپتى، —
دوكتور، مەن خۇدۇمنى يوقىتىشتىن ئىلگىرى ئۇچار تەخـ
سىنى كۆرگەندەك قىلىمەن.
— شۇبھىسىزكى بىز تاشقى پلانېتلىقلارغا تۇتقۇن بوـ
لۇپ قالدۇق. بىز ھازىر باشقا بىر پلانېتنا تۇرۇۋاتىمىز
ياكى ئۇلارنىڭ ئۆز سەييارىسىگە قاراپ كېتىۋاتقان تەخسىـ
سىمان ئۇچۇش ئەسۋابىنىڭ ئىچىدە. مەيلى قانداقلا بولىـ
سۇن بىز كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن ۋەتەن — يەر شارىـ
دىن ئىنتايىن يىراقلاپ كەتتۇق. بىز ئەمدى بۇ گۈزەل
سەييارىمىزنى ئەبەدىي كۆرەلمەسلىكىمىز مۇمكىن.
— مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن، ئۇلار بىزنى نېمە قىلار.
— ھايۋاناتلار باغچىسىدىكى ھايۋاناتلارغا ئوخشاش

تاشقى پلانتلىقلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇمى سۈپىتىدە كۆرگەزمە قىلىنارمىز ياكى يەر شارى جانلىقلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىسلىرى تەجرىبىگە ئىشلىتەر.

— دوكتور، ئۇلارنىڭ تەخسىسىمان ئۇچۇش ئەسۋابىنىڭ قۇدرىتىنى يار شارىدىكى ھەممە قېرىنداشلىرىمىز بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆرگەزمىگە ياكى تەجرىبىگە ئىشلەتكۈسى كەلسە ئادەملەر كۆپ يەردىن خالىغانچە تۇتقۇن قىلىپ ئەكەتمەي، نېمىدەپ ئادەمسىز جايدا پائالىيەت قىلىۋاتقان بىزنى تۇتىدۇ؟ . . .

دوكتور تۇران ئاچچىق كۈلۈپ قويدى. ئۇمۇ بۇ نۇقتىنى ئويلىغان، بىراق ئىشەنچلىك ئاساس تاپالمىغان ئىدى.

— ئېھتىمال، ئۇلار بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مەقسىتىنى يوشۇرماقچىدۇ. چۈنكى ئادەملەر كۆپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا يەر شارلىقلارنى تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتى ئېلىپ بارسا ئاسانلا ئاشكارا بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يەر شارلىقلاردا ئۇلارغا نىسبەتەن ئومۇمىيۈزلۈك دۈشمەنلىشىش كەيپىياتى شەكىللىنىپ قالىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئۇلارغا، ئۇلارنىڭ يەر شارىغا بېرىپ - كېلىشىگە پايدىسىز بولۇشى، يەنى يەر شارىدا ھەر خىل مەقسەتتە ئېلىپ بېرىۋاتقان پائالىيەتلىرى چەكلىمىگە ئۇچراپ قېلىشى مۇمكىن،— دېدى بىر ھازادىن كېيىن.

— ئۇلارنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى بىزدىن كۆپ يۇقىرى، ئۇلار ئۆز قورللىرىنىڭ يەر شارلىقلارنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى، توقۇنۇش بولۇپ قالسا مۇقەررەر ھالدا غەلىبە قىلغۇچى تەرەپ بولالايدىغانلى-

قمنى بىلىدۇ.

ئۇلار تۇرۇۋاتقان بۇ ئالتە تەرەپلىك خانىنىڭ ئىچى يوپيورۇق بولۇپ خۇددى ھاۋا تۇتۇق كۈنلىرى ئەتراپ يورۇق بولىسمۇ قۇياشنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمىغاندەك يورۇقلۇق مەنبەسىنى بىلگىلى بولمايتتى.

ئەرۋاھتەكلا پەيدا بولۇپ قالغان ئادەم سايىسى ئۇلارنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى.

— ئەپەندى، سىز كىم؟ ئادەممۇ ياكى باشقا مەخلۇقمۇ؟ — دەپ سورىدى دوكتور تۇران.

— مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئادەم، ئىسمىم پىلىڭ جامۇ، — دېدى «ئەرۋاھ ئادەم».

— پىلىڭ جامۇ؟ مەن بۇ ئىسىمنى ئاڭلىغاندەك قىلىمەن، — دېدى دوكتور تۇران.

— مەنمۇ ئاڭلىغاندەك قىلىمەن، — ئايسپلىگىنىڭ قوشۇملىرى تۈرۈلدى، — ھە توغرا، سىز لوپنوركۆلىنىڭ «1 - ئاۋغۇست» بۇلىقى دەپ ئاتىلىدىغان جايىغا يېقىن ئەتراپتا تۇيۇقسىز يوقاپ كەتكەن مەشھۇر ئالىمغۇ؟

— خېنىمنىڭ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىغا قايىلمەن. بۇ ئىش 1980 -يىلى 8-ئاينىڭ 5- كۈنى يۈز بەرگەن، — دېدى ئۆزىنى پىلىڭ جامۇ دەپ ئاتىغان «ئەرۋاھ ئادەم».

— پىلىڭ ئەپەندى، مەن سىز توغرىسىدا يېزىلغان خەۋەرلەرنى ئوقۇغان. سىز يوقاپ كەتكەندىن كېيىن، ھۆكۈمەت سىزنى كۆپ ئىزدىدى، — دېدى دوكتور تۇران.

— ماڭا ئوخشاش تۇتقۇنلۇققا چۈشۈپ قالغان ئادەملەردىن بىرنەچچىسىنى كۆردۈم. بەزىلىرى بۇلارغا قارشى-

لىق كۆرسەتكەنلىكى ئۇچۇن خاتىرىسى پۈتۈنلەي يوقىتىۋې-تىلدى. ئۇلار ھازىر بۇلارنىڭ ئىرادىسى بويىچىلا ھەرىكەت قىلىدىغان تىرىك ماشىنا ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى.

— بۇ تاشقى پلانىتلىقلار نېمىدېگەن قەبىھ، — دېدى ئايسېلىگ غەزەپلىنىپ، — بىز ئۇلارنىڭ تۇتقۇنغا ئايلى-نىپ قالدۇق. دوكتور بايا سىز ئۇلارنىڭ تەخسىسىمان ئۇچۇش ئەسۋابىدا تۇرۇۋاتىمىز، يەر شارىدىن يىراقلاپ كېتىۋاتىمىز دەپ پەرەز قىلغان ئىدىڭىز، پىلىڭ ئەپەندىنىڭ گېپىگە قارىغاندا بىز ئۇلارنىڭ ماكانىدا — تاشقى پلانىتقا بېرىپ بوپتىمىز. بىز سەزگۈمىزنى ئۇزاق يوقاتقان ئوخشايمىز.

— يېڭىلىشتىڭىز خېنىم، — دېدى پىلىڭ جامۇ، — يەر شارىدىن ئايرىلمىدۇق. ئەكسىچە بىز يەر شارىنىڭ ئۆزىدە، ئۆزىدە بولغاندىمۇ دەل ئىچكى قىسمىدىكى ئادەملەر توپى ئىچىدە.

پىلىڭ جامۇنىڭ سۆزلىرى بۇ ئىككىيلەنگە — دوكتور تۇران بىلەن ئايسېلىگقا ئوچۇق ھاۋادا چاقماق چېقىلغاندەك تاسادىپىي بىلىندى.

— ئەقىلگە سىغمايدۇ، — دوكتور تۇراننىڭ تىلى بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئاران گەپكە كەلدى.

— بۇ رېئاللىق دوكتور. بىزنىڭ ئۇلاردىن قۇتۇلۇشقا ئامالىمىز يوق. ئەگەر قېچىش غەرىزىدە ھەرىكەت قىلساق خاتىرىمىزنى يوقىتىۋېتىدۇ. ئۇنداق غەرەزدە بولمىساق بۇ يەردە ئەركىن ياشاشقا يول قويۇلىدۇ. خەير، — پىلىڭ جامۇ ھەر ئىككىلىسى بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلاشتى، —

ئاۋۋال ئوبدان بىر ئارام ئېلىۋېلىڭلار، بۇ مۇھىتقىمۇ كۆ-
نۈپ قالىسىلەر، ئېسىڭلاردا بولسۇن، بۇ رېئاللىقنى قوبۇل
قىلماي ئامال يوق.

— يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ياشايدىغان ئادەم-
لەر، — دېدى دوكتور تۇران پىلىڭ جامۇ كەلگەن ۋاقىتىدىكى-
دەك ئۇشتۇمتۇت غايىب بولغاندىن كېيىن، — نېمىدېگەن
قاملاشقان قىزىقارلىق يۇمۇر.

ئايسېلىنگ چوڭقۇر تىندى.

— ئىنسانىيەت كائىناتقا يۈرۈش قىلىۋاتىدۇ. ۋەھا-
لەنكى، ئۆزلىرى ياشاۋاتقان يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىنى
بىلىشى ناھايىتى يېتەرسىز بولۇپ كەلدى.

— ئىنسانىيەت جەنۇبىي، شىمالىي قۇتۇپ رايونلى-
رى، جۇمۇلاڭما چوققىسى ۋە مارىئان جىلغىسىدىن ئىبا-
رەت يەر شارىنىڭ تۆت قۇتۇپىنى بويسۇندۇردى. ئىنسانى-
يەت ھامان بىر كۈنى بۇ يەرنىڭ — بەشىنچى قۇتۇپىنىڭ
سىرىنى ئاچىدۇ، — دېدى دوكتور تۇران.

— شۇنداق دوكتور، — دېدى ئايسېلىنگ، — بەشىنچى
قۇتۇپىنىڭ سىرى بىزگە ئايان بولدى. بىراق بىزنىڭ ئادەم-
لەرگە بۇ سىرنى ئېيتىپ بېرىشكە ئامالىمىز يوق.

— بىرەر ئامال بولۇپمۇ قالار . ھەرىكەت قىلىپ
كۆرمەمدۇق.

دوكتور تۇران بىلەن ئايسېلىنگ ئورنىدىن تۇردى.
ئەمما بۇ ئالتە تەرەپلىك خانىنىڭ ئىشىكى كۆرۈنمەيتتى.
ئۇلار ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ ئىشىكنى ئىزدەپ تاپماقچى
بولۇۋىدى، تامنىڭ ئورنىدا قولىغا ھېچنېمە ئۇرۇنمىدى.

ئۇلارنىڭ بۇ خانىدىن چىقىش ھەققىدىكى تەپەككۇرىنى سەز-
گەن قۇرۇلما ئۆزلۈكىدىن توساقنى بىكار قىلىۋەتكەن ئىد-
دى. يىڭ ئەپەندىنىڭ ئەرۋاھتەكلا پەيدا بولۇپ قېلىشى ۋە
شۇنداق غايىب بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىكەن - دە،
ئۇلار ھەيران بولغىنىچە يوللىرىنى داۋام قىلىپ ئەتراپنى
ئايلىنىشقا باشلىدى.

— مەن بۇلارنىڭ ئۇچۇش ئەسۋابى بولغان ئۇچار تەخ-
سىنى يېقىن ئارىلىقتا كۆرگۈم بار ئىدى ، — دېدى
ئايسېلىگ.

— ئەنە ئاۋۇ يەردە بىرسى تـۇردـدۇ، — دېـدى
دوكـتـور تۇران.

ئۇلار تېخىمۇ ھەيران بولغىنىچە ئۇچار تەخسىگە يې-
قىنلاشتى . بايا ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئادەتتىن تاشقىرى
يورۇق ۋە گويا چېكىگە يېتىش مۇمكىن بولمايدىغاندەك
ئۇزۇندىن — ئۇزۇنغا سوزۇلغان كارىدوردىن باشقا ھېچقاند-
داق نەرسە چېلىقمىغان يەردە بوشلۇق ۋە ئۇچار تەخسە پەيدا
بولۇپ قالغان ئىدى . بۇ تەخسىسىمان ئۇچار جىسىمنىڭ
ئايلانمىسى 15 مېتىر ، ئېگىزلىكى ئىككى يېرىم مېتىر
ئەتراپىدا ئىدى . ئۇلار ئۇنىڭغا يېقىن كېلىشىگە ۋىڭىلدى-
غان ئاۋاز ئاڭلىنىش بىلەن بىرگە قىزغۇچ نۇر چېچىشقا
باشلىدى.

— بەشىنچى قۇتۇپتىكىلەر مەنىۋى تەسىرات تىلى ئار-
قىلىق سۆزلىشىدىكەن. ئۇچار تەخسىمۇ ھېس - تۇيغۇ
بويىچە ھەرىكەت قىلىدىكەن. ئۇيلاش بىلەنلا بىز قامالغان
ئۆيدىكى توساقنىڭ بىكار قىلىۋېتىلىشى، شۇنداقلا ئۇچار

تەخسىگە يېقىنلىشىشىمىز بىلەنلا ماتورنىڭ ھەرىكەتكە كېـ
لىشى بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.
— بەشىنچى قۇتۇپتا ئۆمرىمىزنىڭ ئاخىرغىچە خاتىر-
جەم ياشايمىز. بىراق ئۆز كىشىلىرىدىن ئايرىلىپ، ئەس-
لىي قىياپىتىنىڭ قانداقلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان يات
ئادەملەر ماكانىدا قانداقمۇ كۆڭۈللۈك ياشىغىلى ۋە بۇ خىل
ھاياتنى قانداقمۇ تىرىكلىك خاس دېگىلى بولسۇن؟ —
دېدى دوكتور تۇران، — قارىغاندا بەشىنچى قۇتۇپتىكىلەر
ئۆزلىرىگە بەك ئىشەنسە كېرەك. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا
تۇتقۇنلارغا ئۇنداق ئىمكانىيەت ۋە ئەركىنلىك قالدۇرمىغان
بولاتتى.
— دوكتور، بۇلار نېمىشقا قېچىشقا ئۇرۇنغانلارنىڭ
خاتىرىسىنى يوقىتىۋېتىدۇ؟ بۇ بەشىنچى قۇتۇپ ئادەملىرى-
نىڭمۇ ئاجىزلىقى بار دېگەنلىك ئەمەسمۇ.
— پىكرىڭىز ئورۇنلۇق، ئايسېلىڭ، بۇلار بىزنى
بوش قويۇۋەتمىسىمۇ بىز بۇ يەرنىڭ سىرىنى ئىنسانلارغا
يەتكۈزۈشكە ئۈلگۈرەلىسەكلا بولاتتى.
— سىناپ باقايلى، قېنى تەييارلىنىڭ دوكتور، —
ئايسېلىڭ دوكتور تۇراننىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ ئۇچار تەخ-
سىگە يۈزلەندى، — بىز ئۇچار تەخسە بۆلۈمىگە
چىقمىقچى.
ئۇلار قانداقتۇر غايىۋى كۈچ تەرىپىدىن تارتىلغاندەك
ئۇچار تەخسە بۆلۈمىگە كىردى. ئاق رەڭلىك بۆلۈمدىكى
يورۇقلۇق ھەددىدىن زىيادە كۈچلۈك ئىدى.
— ئەمدى ئۇچار تەخسىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئۈچۈن

كونترول بۆلۈمىگە كىرسەكلا كۈپايە. كونترول بۆلۈمى-
نىڭ ئىشىكى ئېچىل!— دېدى دوكتور تۇران،
كونترول بۆلۈمىنىڭ ئىشىكى تىۋىشسىز ئېچىلدى.
كونترول بۆلۈمىنىڭ ئىچى ھەر خىل كۆرسەتكۈچ ئەسۋاب-
لار، تېلېۋىزور ئېكرانلىرى بىلەن تولغان ئىدى. ئەمما
بۆلۈمىنىڭ ئىچى ئىنتايىن كىچىك ئىدى. دوكتور تۇراننىڭ
ئېگىز بويى بەكلا تاقىشىپ قالغاچقا ئىچىگە كىرىشكە ئامال-
سىز قالدى.
—ئۇچارتەخسىنى ھەرىكەتلەندۇرۇشىمىز مۇمكىن
ئەمەس،— دېدى ئۇ. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ئۈمىدسىزلىك چى-
قىپ تۇراتتى. چىرايىمۇ ئۆزگىرىپ كەتكەن ئىدى.
— باشقۇرغۇچى خادىم ئوۋۇندۇقتا ئولتۇرۇپ بىخەتەر-
لىك تاسمىسىنى باغلاپ بولغاندىن كېيىنلا ئۇ ئاندىن ھەرى-
كەتلىنىدۇ. ھالبۇكى بىزنىڭ بەدىنىمىز بۇنى ئورۇنداشقا
ئىمكان بەرمەيدۇ.
— قاراڭ دوكتور!—دېدى ئايسېلىڭ سىرتنى كۆر-
سىتىپ. ئۇ يەردە ئېگىزلىكى 2.1 مېتىر كېلىدىغان ئىك-
كى مەخلۇق ئۇلارغا قاراپ تۇراتتى. بېشى ئاجايىپ يوغان،
قارىچۇقسىز كۆزلىرى دۈپدۈگىلەك، قاڭشارسىز بۇرنى
ئۇزۇن، ئاغزى ئىنتايىن كىچىك، قۇلىقى ناھايىتى چوڭ،
قولى تۆت بارماقلىق، بارماقلىرى ئارىسىدا نېپىز پەردە
بار، تېرىلىرى ئاق ۋە ياغلاش كەلگەن ئۇ مەخلۇقلارنىڭ
بىرى غەلىتىلا كېيىنىۋالغان ئىدى. يەنە بىرى كېيىم
كېيمىگەن بولۇپ، بەدەنلىرىدە بۆلەك- بۆلەك گۆشلەر
ساڭگىلاپ تۇراتتى. پۇتى ئۆردەكنىڭ پۇتىغا ئوخشايتتى.

— خوش، ئايسپلىگ،— دېدى دوكتور تۈران بوغ-
ـۇق ئاۋازدا،— قېچىشقا ئۈرۈنغانلىقىمىز ئۈچۈن بۆلار
خاتىرىمىزنى يوقىتىۋېتىدۇ. بىز ئەمدى بىر - بىرىمىزنى
كۆرسەكمۇ خۇددى يات ئادەمدەك ئۆتۈشۈپ كېتىمىز، ئۆ-
لۈكلەردەك تونۇشمايمىز.
— خوش ، ئامان بولۇڭ ! . . . دوكتور، مەن سىزنى
ياخشى . . . — ئايسپلىگنىڭ ياشلىق كۆزلىرى قېتىپ
قالدى.



# بىكىنىڭ يۈرىكى

ئىلىگ بەگ ۋاقىتنى ئىنتايىن قەدىرلەيتتى. بىر سېكۇنتنىمۇ بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىشكە ھەرگىز يول قويمايتتى. خىزمەتنىڭ ئۇنۇملۇك بولۇشى ياكى بىرەر تەتقىقات تېمىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىنىشى ئۈچۈن مۇۋاپىق دەم ئېلىش ئىنتايىن زۆرۈر دەپ قارايتتى. خىزمەتتىن بىكار بولغان، چارچىغان مەزگىللىرىدە تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشقا، مۇزىكا ئاڭلاشقا، كىنو - تىياتىر كۆرۈشكە ئامراق ئىدى. ئۇ بۇنىڭ ياخشى ئارام ئېلىش ئۇرسىتى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا تەن ساغلاملىقىنى كۈچەيتىپ، زېھنىي كۈچىنى ئاشۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. لېكىن ئىشقا چىقىش، ئىشتىن چۈشۈشتىن ئىبارەت ئېنىق قەرەلى بولمايدىغان، ھەرقاچان جىددىي ئىشلەشكە توغرا كېلىدىغان، ئارام ئېلىش ۋاقتى ئاز خىزمەتنى ياخشى كۆرەتتى. كەسپىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت، ئوتتەك قىزغىنلىق ئۇنىڭغا مۆلچەرلىگۈسىز كۈچ بېغىشلايتتى.

ئۇنىڭغا بۈگۈن تاسادىپىي دېگۈدەكلا ئامەت كېلىپ، چۈشتىن كېيىن تولۇق دەم ئالىدىغان بولدى. تاماقنى

سىرتتا يېسە بىرمۇنچە ۋاقىت زايا كېتىدىغانلىقى ئۇچۇن كۆپىنچە ياتىقىدا غىزالىناتتى، ئۇ ياتىقىدىكى كومپيۇتېرنى ئېچىپ، ئاۋاز بۇيرۇقى بىلەن پلانىتلار ئارا ئۇرۇشنى مەز-مۇن قىلغان بىر فانتازىيىلىك فىلىمنى تاللاپ كۆرگەچ، ئازادە ھەم يۇمشاق سافادا راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ، سۈنئىي ئۇسۇلدا ياسالغان يۇقىرى ئوزۇقلۇق قىممىتىگە ئىگە يې-مەكلىكبىلەنغىزالىنىشقاكىرىشتى.

ئىلگىرى تېلېۋىزورنىڭ تەرەققىياتى كىنوچىلىققا ئا-پەت كەلتۈرگەندەك، كومپيۇتېر تىياتىرنىڭ ئومۇملىشى-شىمۇ تېلېۋىزىيە تىياترىغا كۈن بەرمەيدىغان بولۇپ قالغان بۇ كۈنلەردە كىشىلەرنىڭ ئارزۇسى رېئاللىققا ئايلىنىپ، تۇرمۇشقا تېخىمۇ قولايلىق يارىتىلغان ئىدى. كۆپ يول-لۇق تېخنىكا قوللىنىلىپ، كومپيۇتېرغا ئوپتىكىلىق قوز-غاتقۇچ، ئاۋاز تەڭشىگۈچ، سۈرەت تەڭشىگۈچ قاتارلىقلار سەپلىنىش ئارقىلىق كۆپ ئىقتىدارلىق ئۇچۇر مەركىزىگە ئايلاندۇرۇلغان بۇ ئاجايىپ كۆپ ئىقتىدارلىق ئۇچۇر مەر-كىزى ئابونتلارنى كومپيۇتېر تىياترى بىلەن بىر گەۋدە قىلىۋەتكەن ئىدى. شۇڭا تورغا كىرگۈزۈلگەن كىنو - تىياترنى خالىغان چاغدا، خالىغان كۆرۈنۈشلىرىنى كۆ-رۈش ئىمكانىيىتى تۇغۇلغان ئىدى.

ئىلىگ بەگ فىلىمنىڭ ئاساسلىق كۆرۈنۈشلىرىنى تال-لاپ كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، تەبىئەت مەنزىرىسىگە ئال-ماشتۇردى. كومپيۇتېر ئېكرانىدا يېقىملىق مۇزىكا تەڭ-كەش قىلىنغان دەريا كۆرۈندى، ئۈستى پايانسىز ئاسمان، تۆۋەندىكى دەريا سۈيى قۇياش نۇرىدا پارقىراپ تۇراتتى.

دەريا دېلفىنى پات - پات سۇ يۈزىگە سەكرەپ چىقىپ، يەنە كىرىپ كېتەتتى. بۆژغۈنلار سانسىز كۈمۈش مارجانلاردەك ھەر تەرەپكە چاچرايتتى. ئىككى قىرغاقتىكى ئېگىزلىكى نەچچە ئون مېتىر كېلىدىغان ياپيېشىل دەرەخلەر شۇنداق گۈزەل كۆرۈنەتتىكى، كىشى قەلبىدە تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز ئېزگۈ ھېس - تۇيغۇ قوزغايتتى. دىللارغا ھېسابسىز لەززەت بېغىشلايتتى. ئېكراندا يەنە مەنزىرىگە ماسلاشقان ھالدا خەت پەيدا بولاتتى، ئامازون دەرياسى دۇنيا بويىچە ھاۋزا كۆلىمى ئەڭ كەڭ، ئېقىن مىقدارى ئەڭ چوڭ دەريا بولۇپ، «دەريالار شاھى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغاقارىغاندا، 1542- يىلى ئىسپانىيە ئېكسپېدىتسىيىچىسى فرانسىسكو دېئولان بۇ ئەزىم دەريانىڭ ھاۋزىسىغا كىرگەندە، شۇ ئەتراپتا ياشايدىغان، ئۇزۇن چاچ قويغان ھىندىئان جەڭچىلىرىنى ئايال دەپ ئويلاپ قالغان. ئۇلارنىڭ تەقى - تۇرقى ۋە كىيىملىرى گرېك ئەپسانىلىرىدا ھەممىشە قالقان تۇتقان، نەيزە ۋە ئوقيا بىلەن قوراللانغان سۇۋارىلار قىلىپ تەسۋىرلەنگەن باتۇر، چەۋەنداز ئاياللار قوۋمى — ئامازون قوۋمىگە ئوخشىشىپ كەتكەچكە، دەرياغا «ئامازون» دەپ نام بەرگەن.

ئۇشتۇمتۇت سافا ئالدىدىكى نەپىس ئىشلەنگەن چاي ئۈستىلىگە قويۇلغان كۆچمە تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى. ئىلىگ بەگ ئۇنى ئېلىپ سۈرەت كۇنۇپكىسىنى بېسىۋىدى، كىچىككىنە ئېكراندا ئايچېچەكنىڭ گۈزەل سىيماسى پەيدا بولدى.

— دوكتور، ئارامىڭىزنى بۇزۇپقويدۇممۇ -قانداق؟ —

دېدى ئايچېچەك كۆپكۆك تىنىق كۆزلىرىنى شوخلۇق بىلەن ئوينىتىپ.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس. ئارامىمنى بۇزمىغانلىقىڭىزنى ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز.

ئىلىگ بەگنىڭ چاقچىقى ئايچېچەكنى تېخىمۇ خۇشال قىلىۋەتتى. ئۇ ئىنتايىن ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچان پىداكار روھقا ئىگە بۇ باشلىقنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيتتى. ئۇنىڭدىن تەپتارتاتتى. ئادەتتە ئۇنىڭغا خىزمەتكە مۇناسىۋەتسىز گەپ - سۆزلەرنى قىلىپ باقمىغان كىشىنىڭ بۇنداق ئوچۇق - يورۇقلۇقى ئۇنى بىر ئاز تەمتىرىتىپ قويغاندەكمۇ قىلاتتى. ئېھتىمال بۇ خىزمەت جەريانىدا كۆپ قېتىم بىرگە بولۇش نەتىجىسىدە بارلىققا كېلىدىغان يېقىنچىلىقنىڭ

— كۆرۈنمەس باغلىنىشىنىڭ مۇقەددىمىسى بولسا كېرەك، دېگەن خىيالنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن ئايچېچەكنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن دۈپۈلدەپ كەتتى. ئارقىدىن ئۆز خىيالىدىن

— خۇددى ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان قىممەتلىك بىر نەرسىنى توساتتىن بايقىغاندەك، بۇرۇن پەقەت سەزمىگەن، قەلبىدە قاچانلاردىندۇر تارتىپ پەيدا بولۇشقا باشلىغانلىقىنى بىلىش مۇمكىن بولمايدىغان ئىلىگ بەگنىڭ ئوبرازىدىن چۆچۈدى. بەلكىم ئاشۇ بىر جۈملە سۆز ئۇنىڭ قەلب خەزىنىسىدىكى بايلىقنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلغان تۇتەك - تۇمانلارنى تارقىتىۋەتكەندۇ.

— مەن ھازىر «كۆك تۇلپار» پۇتبول كۇلۇبىنىڭ ئالدىدا، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن شەھىرىمىزدىكى «A» دەرىجىلىك پۇتبول كوماندىلىرىنىڭ «تەڭرىتاغ لوڭقىسى

» نى تالىشىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولغانلارنى ئالدىن تاللاش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلمەكچىكەن . مۇسابىقە كۆرەمسىز ؟ بىلەتنىمۇ تېپىپ قويىدۇم ، — دېدى ئايچىچەك كۇلۇپ ۋە بىر دەم تۇرۇۋېلىپ قوشۇپ قويدى، — مېنىڭچە، مۇسابىقىنى كومپيۇتېردا كۆرگەندىن نەق مەيداندا كۆرگەن ياخشىغۇ دەيمەن.

شەيتان قىز، كۆڭلۈمدىكى ئارسالدىلىقنىمۇ بىلىپ قالغىنىنى، دەپ ئويلىدى ئىلىگ بەگ ئۇنىڭ دولقۇنسىمان قوڭۇر چاچلىرى، تال - تال ئۇزۇن كىرپىكلىرى سايە تاشلاپ تۇرغان نۇرلۇق كۆزلىرى ۋە ئانار دەك قىزىرىپ كەتكەن مەڭزىلىرىدىن كۆز ئۈزەلمەي.

— ماقۇل، چۈشتىن كېيىن بەرىبىر باشقا زۆرۈر ئىشىممۇ يوق.

ئىلىگ بەگ «كۆك تۇلپار» پۇتبول كۇلۇبىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئۇنى تاقەتسىزلىك بىلەن ساقلاۋاتقان ئايچىچەكنىڭ چىرايىنى خۇشاللىق قاپلىدى. ئۇلار كۇلۇبقا كىرىپ ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرۇپ بولغان چاغدا مۇسابىقە باشلىنىدىغانغا ھېچقانچە ۋاقىت قالمىغان ئىدى. كېيىمدىگەيىر تقۇچ قۇشنىڭ سۇرىتى چۈشۈرۈلگەن «توغرۇل» كوماندىسىنىڭ ئەزالىرى مەيدانغا كىرىپ تاماشىبىنلارغا ئېھتىرام بىلدۈردى. بۇ كوماندىنىڭ قوللىغۇچىلىرى ئۇلارغا قىزغىن ئالقىش ياغدۇراتتى. لېكىن ھەممەيلەنگە تونۇشلۇق بولغان ئالدىنقى قاتاردىكى كوماندا —«كۆك تۇلپار» نىڭ ئەزالىرى تېخىچە مەيداندا كۆرۈنمەيتتى. بۇ بىر غەيرىي ئەھۋال ئىدى. مۇسابىقە ۋاقتىدىن بىرنەچچە مىنۇت ئۆتۈپ

كەتتى. ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كوماندىغا مەدەت بېرىش ئۇچۇن ھەرخىل رەڭدىكى بايراقچىلار، پلاكاتلارنى كۆتۈرۈ-ۋالغان توپ مەستانىلىرىنىڭ ئىسقىرتىشلىرى، ۋارقىراش-لىرى بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى. خۇددى يەتكۈچە رىيازەت چېكىپ مەشىقىنىڭ ۋىسالىغا يېتەي دەپ قالغان ئاشىق تۇرمۇشىنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدا يەنە سەرگەردان بولۇشقا مەجبۇر بولغاندەك، ئەڭ قولايلىق ئۇرۇننى ئىگە-لەش مەقسىتىدە بالدۇر كېلىۋالغان ۋە شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت-نى تەقەززالىق ئىلكىدە ئۆتكۈزگەن توپ مەستانىلىرى مۇ-سابىقىنىڭ كېچىككەنلىكىدىن تېخىمۇ تىت -تىت بولۇپ كەتتى. «كۆك تۇلپار» كوماندىسىدىكىلەردىن نارازى بول-مىغانلار قالمىدى.

بۇ ئۇلارنىڭ نېمە قىلغىنى؟ مۇسابىقىدىن ۋاز كەچ-مەكچىمۇ يا؟ ياق، بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار-نىڭ سەۋىيىسىنى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى دېيىشكە بولىدۇ. جامائەتچىلىك ئىچىدىكى ئابرۇيىنىمۇ تۆۋەن چاغلىغىلى بولمايدۇ. يەنە كېلىپ، نۇرغۇن چوڭ مۇسابىقىلەردە ئۇ-تۇپ، پۇتبول ساھەسىدە بەلگىلىك تەسىر قوزغىغانلىقىمۇ ۋە مۇشۇ شەھەر خەلقىگە كەلتۈرگەن شان - شەرەپلىرىمۇ كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان ھەقىقەت. كېچىككىنە ئىشنىمۇ كۆپتۈرۈپ، مۇبالىغە قىلىپ خەۋەر قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن ئاخبارات ئورۇنلىرىمۇ كەسپىي سەزگۈرلۈكىنى يوقىتىپ قويغاندەك بۇ ھەقتە ھېچقانداق ئۇچۇر - بېشارەت-نى سەزمىگەن. ياكى ئۇلارنىڭ قەستەن كېچىكىش، ساق-لىتىش ئارقىلىق ئۆز تەسىرىنى كۈچەيتىپ، مۇسابىقە

جەريانىدىكى پسىخىكىلىق جەڭنى ھېلىتىن باشلىۋەتكىنىدۇ. . . بۇنىڭغىمۇ ھېچكىم بىر نېمە دېيەلمەيتتى. لېكىن ئۇلارغا شۇ نەرسە ئايان ئىدىكى، «كۆك تۇلپار» كوماندىسىدىكىلەر ئەزەلدىن مۇسابىقە قائىدىسىگە ئىزچىل ئەمەل قىلىپ كەلگەن. تەشۋىقات ۋاستىلىرى بىلەن قارشى تەرەپكە ھۇجۇم قىلىدىغان رەزىل رىقابەتكە قارشى تۇرۇپ، مۇسابىقە ۋاقتىدا ماھارەتكە تايىنىپ سىنىشىشنى تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن.

تەنتەربىيە مۇخبىرلىرى ھەدەپ تاماشىبىنلارغا مۇسابىقىنىڭ كېچىكىشى، «كۆك تۇلپار» كوماندىسىدىكىلەرنىڭ ھېلىغىچە مەيدانغا يېتىپ كېلەلمەسلىكىدىكى سەۋەبلەر ھەققىدە كۆز قاراشلىرىنى سۆزلەپ بېقىشقا تەكلىپ قىلىۋاتاتتى. كىشىلەر رايىنى سىناشتىن مەلۇم بولدىكى، «كۆك تۇلپار» كوماندىسى نۇرغۇن پۇتبول مەستانىلىرىنىڭ چوقۇنۇش نىشانى — مەبۇدىسى ئىدى. ئۇلار بۇگۈن ھەممەيلەنگە چۈشىنىكسىز مەلۇم بىر ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىگە ئىشىنەتتى. مۇسابىقە تەشكىللەش ھەيئىتىنىڭ مۇسابىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ غەلىبىنىڭ «توغرۇل» كوماندىسىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى جاكارلىماستىن، ئادەتتىكى قائىدە - پرىنسىپلارنى بۇزۇپ، ئۇلار تەرەپتىن بىر خەۋەر كېلىشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىمۇ «كۆك تۇلپار» كوماندىسىغا قانچىلىك دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنىڭ ئىسپاتى ئىدى. شاۋقۇن - سۈرەن، ئىسقىرتىش، غۇلغۇلا، بەس -مۇنازىرە بىلەن غايەت زور گۈلخاندەك گۈرۈلدەۋاتقان پۇتكۇل ئالامان «كۆك تۇلپار»

كوماندىسى ئەزالىرىنىڭ مەيداندا توساتتىن پەيدا بولۇشى بىلەن يەنە بىر قېتىم كۈچلۈك تەۋرەپ كەتتى. نەچچە مىڭلىغان رەڭگارەڭ بايراقچىلار، پلاكاتلارنىڭ قالايمىقان، رىتىمسىز پۇلاڭلاشلىرى خۇددى قاشنى بۇزۇپ دەۋرەپ كېلىۋاتقان سەلنى، دەھشەتلىك بوراندىكى دېڭىز دولقۇنىد-نى ئەسكە سالاتتى. مۇسابىقە رەسمىي باشلاندى. قايناۋات-قان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك ھەممە بىردەك جىمىپ كەتتى. بۇ ھالەت سەزگۈ ئەزالاردا ئالەم، يەر شارىلا ئە-مەس، ھەتتا بەدەن ھۈجەيرىلىرىدىكى ئاتوم، مولېكۇلىلار-نىڭ ھەرىكىتىمۇ توختاپ قالغاندەك تۇيغۇ پەيدا قىلاتتى. كۆرۈش سۇپىسىدا ئولتۇرغان ھەربىر ئادەمنىڭ مەيدانغا تىكىلگەن بىر جۈپ كۆزى بىلەن ئۇياق - بۇياققا تىنىمسىز يۆتكىلىۋاتقان يۇپيۇمىلاق توپ ئارىسىدا تۇپ - تۈز تارتىل-غان كۆزگە كۆرۈنمەس پولات ئارغامچا شەكىللەنگەن بول-سا، پۈتۈن نېرۋا ھۈجەيرىلىرى گويا ئۇخلاپ قالغاندەك توپتىن باشقا ھېچنېمىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى.

ئادەم بەدىنىنىڭ تەرەققىي قىلىش، يەنى بويىنىڭ ئۆ-سۈشى، سۈرئىتىنىڭ تېزلىشىشى، چىدامچانلىقىنىڭ ئې-شىشى، شۇنداقلا تاكتىكا سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈ-لۈشىگە ئەگىشىپ، مەيدانغا پاتقاقلىق، ئېرىق، كۆۋرۈك، توپا دۆڭ قاتارلىق توسالغۇلار ياسىلىپ، مۇسابىقىنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى ئاشۇرۇلغان، مۇسابىقە تېخىمۇ جەلپ-كار دەرىجىگە كۆتۈرۈلگەن ئىدى. ئادىل رىقابەتنى تېخىمۇ ياخشى نامايان قىلىش ئۈچۈن، قارا كىيىملىك ترېنېر تاقايدىغان قول سائەتكە ئوخشاش مىكرو تېپلىق كومپيۇ-

تېرلىق ئەسۋابنى قولىغا تاقاپ ئاپسىت بولۇش، جازا توپ، ۋارىتارغا توپ كىرگۈزۈش قاتارلىق مۇھىم ھۆكۈم قىلىش-لاردا مەيدان سىرتىدىكى كومپيۇتېرلىق سىستېمىنىڭ كۆرسەتمىسىنى قوبۇل قىلاتتى. چوڭ ئېكرانلىق كۆرسەت-كۈچ ئاپسىت بولۇش، قائىدىگە خىلاپلىق قىلىش، ۋارىتار-غا توپ كىرىش جەريانلىرىنى قايتا - قايتا كۆرسىتىپ تۇراتتى. بىردەمدىن كېيىن، كىشىلەر ھەيرانلىق بىلەن شۇنى بايقىدىكى، «كۆك تۇلپار» كوماندىسىنىڭ ئاساسلىق ئەزاسى، ئاتاقلىق پۇتبول چولپىنى ئالقىش كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ ئورنىدا كىشىلەر ئانچە بىلىپ كەتمەيدىغان باشقا بىر يىگىت تۇراتتى.

ئالقىش نېمىشقا مۇسابىقىگە قاتناشمىدى؟ ئۇنىڭ ئور-نىدا ئويناۋاتقان بۇ يىگىت كىم؟ نۇرغۇن تاماشىبىن بۇ سوئالنىڭ جاۋابى ئۈستىدە ئىزدىنىشنى باشلىۋەتتى.

كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئويىچە «كۆك تۇلپار» كوماندىسى بۇ قېتىممۇ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» نى تالىشىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش سالاھىيى-تىنى قولغا كەلتۈرەتتى ۋە رەسمىي مۇسابىقىدىمۇ چېمپى-يون بولۇپ، بۇ شەھەرنىڭ پۇتبول ھەرىكىتى تارىخىدا يېڭى رېكورت يارىتاتتى. بۇ كوماندىنىڭ بېكى ئالقىشنىڭ تۆھپىسى ئالاھىدە زور ئىدى. ئۇنىڭ ئۆز سەپداشلىرى بىلەن ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىپ، قارشى تەرەپ ھۇجۇم-چىلىرى ۋارىتارغا ئۇرۇش ئالدىدا تۇرغان قانچىلىك توپنى پەم - پاراسەت، دادىللىق ۋە ئەپچىللىك بىلەن قايتۇرۇپ، قارشى تەرەپ ھۇجۇمچىلىرىنى كەتكۈزۈپ قويغان كىچىك-

كىنە سەۋەنلىكى، ئازراق بىخۇدلۇقى ئۇچۇن قانداق ھەس-
رەتلەندۇرۇۋەتكەنلىكىنى، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۇدەك
جىلە قىلىۋەتكەنلىكىنى كومپيۇتېرلىق سىستېما ھېسابلاپ
چىقىشقا ئاجىزلىق قىلىدۇ، دېيىشكە يېتەرلىك ئاساس بار
ئىدى. شۇڭا ئالقىشلا بولىدىكەن، بۇ كوماندا خەلقئارا
پۇتبول ساھەسىگە بۆسۇپ كىرىپ، زىلزىلە پەيدا قىلىدۇ،
قۇدرەتلىك كۈچ بولۇپ قالىدۇ، دەيدىغان ئۈمىدلىك قا-
راشنىڭ پەيدا بولۇشىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى.

بىراق بۈگۈنكى مۇسابىقىگە ئالقىشنىڭ قاتناشمىسلىقى
ھەش - پەش دېگۈچە « ئالقىش پۇتبول ساھەسىدىن چېكى-
نىپتۇ » ، «ئالقىش قارشى تەرەپ بەرگەن نۇرغۇن پۇلنى
ئېلىپ، مۇسابىقىگە قاتناشماسلىقنى قارار قىپتۇ» ، «ئاتاق-
لىق پۇتبولچىلارنى يۇقىرى ھەق بېرىش يولى بىلەن توپلا-
ۋاتقان مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ،
ۋەتەنداشلىرىنىڭ ئەيىبلىشىدىن ئەنسىرەپ يوشۇرۇنچە چەت
ئەلگە قېچىپ كېتىــپــتــۇ» دېــگــەنــدەك سۆز - چۆچەك-
لەرنىڭ تارقىلىشىغا سەۋەبچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى
بۇ قېتىم «توغرۇل» كوماندىسى غەلىبە قىلىشى مۇمكىن
دەيدىغان گۇمانىي قاراشنىمۇ پەيدا قىلىپ ئۈلگۈرگەن ئى-
دى. ئادەم نېمىدىگەن قىزىقارلىق مەخلۇق- ھە! ئالقىش-
نىڭ نېمە ئۈچۈن مۇسابىقىگە قاتناشمىغانلىقى ئېنىق بول-
غۇچە، ئۇ توغرىسىدا ئورۇنسىز گەپ - سۆزلەرنىڭ چىقى-
شى ھەقىقەتەن كۈلكىلىك، شۇنىڭغا قارىغاندا، ئادەمنىڭ
يامان ئاتلىق بولۇشى پەقەت بىردەمچىلىكلا ئىكەن. بىراق
شۇ تۇيەيلىدىن ھەرقانداق ئادەمدىن رەنجىشكە، خاپا بولۇش-

قا ئەرزىمەيدۇ ، بۇ ئارتۇقچە. چۈنكى دونكىخوتنىڭ سادىق خىزمەتچىسى سانچۇ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان ئىسپان خەلق ماقالى بىلەن ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ ئاغزى دالاغا ئوخشىشىدۇ ، ئۇنىڭغا ئىشىك ئورناتقىلى بولاتتىمۇ.

يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، داڭلىق شەخسلەر كەمچىلىكسىز، نۇقسانسىز دەپ تونۇپ ئادەتلەنگەن كۆز قاراشىمىزغا خىلاپ ۋە ئۇيغۇن بولمىغان ئىشلارنى قىلسا، ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش ئادەم، ئۇلارمۇ خاتالىشىدۇ، دەپ ئېتىراپ قىلغۇمىز، چۈشەنگۈمىز كەلمەيدۇ. ئىلگىرىكى تۆھپىلىرىنى، كۆپچىلىك ئۈچۈن قىلىپ بەرگەن ياخشى ئىشلىرىنى ئۇنتۇپ قالىمىز، ئىنكار قىلىۋېتىمىز. كۈلكەمەسخىرە، سۆز - چۆچەك نىشانىغا ئايلاندۇرۇپ قويىمىز. دەرۋەقە، دۇنيادا مۇكەممەل شەيئى مەۋجۇت ئەمەس. ئەقىل - پاراستى يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي تاپقان ئالەم ئادەملىرى ياسىغان قۇدرەتلىك ۋە سىرلىق ئىقتىدارغا ئىگە قاتناش قورالى — ئۇچار تەخسىمۇ پارتلاپ كېتىدىغان ئەھۋاللار بولىدىكەنغۇ. ئىنسانلار بايقىغان پاچاقلىنىپ كەتكەن ئۇچار تەخسە قالدۇقلىرى ۋە تاشقى پلانىت ئادەملىرىنىڭ جەسىتى بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. لېكىن بىز ھېچكىمنىڭ خاتالىشىشىنى خالىمايمىز. بۇ بىزنىڭ ئارزۇيىمىز، ئۈمىدىمىز، شۇنداقلا بىزنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەنلىكىمىز. بۇ بىزنىڭ ھەقىقىي ئادەملىك تەبىئىتىمىزنىڭ ئاشكارىلىنىشى ۋە بۇزۇلۇشى.

«توغرۇل» كوماندىسى ئەزالىرى جۈشقۇن، ئىنتايىن تېتىك بولۇپ، كەسكىن مۇسابىقە جەريانىدا مۇقەررەر يۇز

بېرىدىغان جىددىي كەيپىياتتىن ئەسەرمۇ كۆرۈنمەيتتى. چوقۇم يېڭىشكە بەل باغلىغاندەك، ئىشەنچى كۈچلۈكتەك قىلاتتى. ھەر قېتىملىق ھۇجۇم خېلى كۆڭۈلدىكىدەك بول- غاندا بىر - بىرىگە كەڭ ئېچىلغان ئىككى بارمىقىنى خۇ- شاللىق بىلەن كۆرسىتىپ غەلىبە ئىشارىتى قىلىش ئارقى- لىق شەرتلىك بەلگە تىلى بىلەن ئۆزئارا مەدەت بېرەتتى ۋە تېزلىكتە يېڭى ھۇجۇم تەشكىللەيتتى. بۇنىڭ ئەكسىچە «كۆك تۇلپار» كوماندىسىدىكىلەرنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈك، كەيپىياتى تۆۋەنرەك ئىدى. زۆرۈر بولمىغاندا ئۆزئارا سۆز- لەشمەيتتى. بۇنداق چۈشكۈن، ناچار كەيپىيات بىلىنەر - بىلىنمەس بولسىمۇ يوشۇرۇن بالا - قازاغا سەۋەب بولاتتى. ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ «توغرۇل» كوماندىسىغا پايدىلىق ئى- كەنلىكىنى پۇتبول تەنھەرىكىتىنى ئەڭ ئىنچىكە، نازۇك ھالقا تەپسىلاتلىرىغىچە چۈشىنىدىغان كىشىلەر ئاللىقاچان ھېس قىلىپ بولغان ئىدى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى سېلىش- تۇرمىدا پەيدا بولغان پەرق «توغرۇل» كوماندىسىنىڭ غە- لىبىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ قويغان ئىدى. تالانتلىق بېك ئالقىشنىڭ ئورنىدا تۇرۇۋاتقان يىگىتكە دەسلەپ باشقىلار- نىڭ دىققىتى چۈشمىدى. ئالقىش ۋە ئۇنىڭ «مۇقەددەس» ئورنىنى ئىگىلىگەن پۇتبولچى بۇنى چۈشەنگەن بولسا كې- رەك. ئۆزىنى شۇنچىلىك خاتىرجەم، سالماق، ئەركىن تۇتاتتى. ھەرىكەتلىرى ناھايىتى چىرايلىق، تەپكەن توپى دەل بولۇپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆزىنىڭ يۇقىرى ماھارىتىنى ئارقا - ئارقىدىن ئىشقا سېلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان مۇھىم توساق ئىكەنلىكىنى كۆر-

سەتتى. «توغرۇل» كوماندىسى شىددەت بىلەن ھۇجۇم ئۇ-يۇشتۇرۇپ، «كۆكتۇلپار» كوماندىسىنىڭ ۋارىتارى ئالدى-دىكى جازا توپ رايونىغا ئەكەلگەن توپنى ئۇستىلىق بىلەن ئارقىغا ياندۇرۇپ، «كۆك تۇلپار» كوماندىسىنىڭ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشىگە يول ئېچىپ بەردى. ئۇنىڭ قارشى تەرەپ تەپكەن توپنى سەكرەپ چىقىپ كالللىسىدىن ئېگىز كۆتۈرۈلگەن بىر پۇتىنىڭ ئىچ يان تەرىپىدە توسۇپ، پاسقا چىققان سەپدىشىغا دەل يەتكۈزۈپ بېرىشى، قارشى تەرەپ ئەزاسى تالاشقان توپنى ئېلىپ قېچىشى، بولۇپمۇ تېز سۈر-ئەتتە توپ ئېلىپ مېڭىۋاتقاندا ئۇشتۇمتۇت ئالدىدىن كەلگەن قارشى تەرەپ ئەزاسىنى گوللاپ، توپنى پۇتىنىڭ ئۆكچى-سىدە بېشىدىن ھالقىتىپ، توسالغۇ ئادەمنىڭ ئارقىسىدىكى بوش جايغا تاشلاپ، قارشى تەرەپ ئەزاسى كەينىگە بۇرۇلۇپ بولغۇچە ئۇنىڭ يېنىدىن ئوقتەك تېز ئۆتۈپ، توپنى ئېلىپ قېچىش ھەرىكىتى ئادەمنى تاڭ قالدۇراتتى. چىراي - شەكلىنىڭ ئوخشاشماسلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنى ئالقىشنىڭ ئۆزى دېيىشكە بولاتتى. توپ مەستانىلىرى ھەم-ساتتىلا بۇ «يېڭى چولپان»نىڭ ئىسمىنى بىلىۋېلىشتى. «تولۇن» ، «تولۇن» دېگەن نام خۇددى قاتمۇ قات تاغلار ئارىسىدىكى ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىۋاتقان كۈچلۈك ئەكس سادادەك تۇشمۇ تۇشتىن تارقىلىپ، گويا بىر ئومۇمىي خورغا ئايلانغاندەك بولدى. «كۆك تۇلپار» كوماندىسىدىكى باشقا ئەزالارمۇ جانلىنىپ، «توغرۇل» كوماندىسىنىڭ ئار-قا - ئارقىدىن باشلىغان ھۇجۇمىنى قەيسەرلىك بىلەن چېي-كىندۈردى. «توغرۇل» كوماندىسىدىكىلەر تولۇننىڭ ئال-

قىشتىن قېلىشمايدىغانلىقى، ھەتتا ئېشىپ چۈشىدىغانلىقى-
نى، غەلىبە قىلىشنىڭ ئۇنچە ئاسانغا توختىمايدىغانلىقىنى
ئاللىقاچان تۇيغان بولسىمۇ، قىلچە بوشاشماستىن، جاپا-
لىق ۋە ئەستايىدىل مەشىق قىلىپ يېتىلدۈرگەن بارلىق
تېخنىكىسىنى، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇ-
رۇپ ئىككى قېتىم ۋارىتارغا توپ ئۇرۇش پۇرسىتىگە ئې-
رىشتى. بىرىنى ۋارىتار تۇتۇۋالدى. ۋارىتارنىڭ سول تە-
رىپىدىن قىيپاش بۇلۇڭ ياساپ تېپىلگەن يەنە بىرى ئۆزىنى
ئاتقان ۋارىتارنىڭ قول ئۇچىنى شىپ قىلىپ سىيپاپ ئۆتتى
- دە، ۋارىتارنىڭ ئوڭ يان تۈۋرۈكىگە تېگىپ ۋارىتارنىڭ
ئىچ تەرىپىگە قاڭقىپ تەگدى. بىر موللاق بىلەن تۇرۇپ
كەتكەن ۋارىتار توپنى تېزلىك بىلەن تۇتۇۋالدى. ئەگەر
مۇشۇ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتىكى قىسقا
ۋاقىتتا ۋارىتار چاققانلىق قىلمىغان بولسا، قاڭقىپ قايتـ-
قان توپ توغرا ياغاچ ئاستىدىكى تۈز سىزىقتىن ئۆتۈپ،
سول يان تۈۋرۈككە يېقىن بىر يەردىن كىرىپ، تورغا
ئۇرۇلغان بولاتتى. پۈتۈن كۇلۇبتا قىقاس - چۇقان كۆتۈ-
رۈلدى. «توغرۇل» كوماندىسىدىكىلەرگە مەدەت بەرگۈچـ-
لەرنىڭ سانى ھەسسىلەپ ئاشتى. بىرىنچى مەيدان مۇسابىقە
تۈگەپ، ئىككىنچى مەيدان مۇسابىقە باشلانغىنىغىمۇ خېلى
بولدى. بىراق ھېچقايسى تەرەپ ۋارىتارغا بىرەر توپ كىر-
گۈزەلمىدى. مەيدان سىرتىدىكى چوڭ ئېكرانلىق كۆرسەتـ-
كۈچنىڭ سائىتىدىكى رەقەملەر بارا - بارا كىچىكلەشكە
باشلىدى. دېمەك، ۋاقىت ناھايىتى ئاز قېلىۋاتاتتى. مۇسا-
بىقە تېخىمۇ كەسكىنلەشتى. مەيداندىكى ھەربىر پۇتبولچى

ۋە مەيدان سىرتىدىكى ھەربىر تاماشىبىنىنىڭ يۈرىكى شىد-
دەت بىلەن سوقاتتى. پۈتۈن سەزگۈ ئەزالىرى گويا كوم-
پاسنىڭ ستربلكىسى، توپ بولسا غايەت زور ماگنىت ئى-
دى. بۇ ماگنىت قەيەرگە يۆتكەلسە، كومپاسنىڭ ئىستربل-
كىسىمۇ تەخىرسىز شۇ يۆنىلىشكە قاراپ ئاغاتتى.

ئىككى قېتىم توپ ئۇرۇش «توغرۇل» كوماندىسىدى-
كىلەرگە مۆلچەرلىگۈسىز ئىلھام بولدى. گەرچە تەڭ دەرى-
جىلىك كوماندىلارنىڭ ئېلىشىشىدا كۆپىنچە «كۆك تۇل-
پار» كوماندىسىدىكىلەر يەڭگەن بولسىمۇ، داڭلىق بېك
ئالقىشنىڭ ئورنىدا ئىلگىرى ئانچە نامى چىقمىغان، مۇھىم
مۇسابىقىگە قاتناشمىغان ھالەتتىمۇ، بۈگۈنكى مۇسابىقىدە
بىردىنلا ئۆزىنى كۆرسىتىپ، توپ مەستانىلىرىنىڭ كۆڭ-
لىنى مايىل قىلىۋالغان «يېڭى چولپان» تولۇن قالتىس
ماھارىتىنى ئىشلىتىۋاتقان بولسىمۇ، ئورتاق نىشان، ئىت-
تىپاقلىق، كۆڭۈل ئازادىلىك ئۇلارغا كۈچ ئاتا قىلىپ،
ئۆزئارا تېخىمۇ ھەمكارلىشىپ، قارشى تەرەپنىڭ، پۈتكۈل
تاماشىبىنلارنىڭ كۆزلىرىنى ئالىچەكمەن قىلىۋەتتى.

ئايرىم كىشىلەرلا مۇسابىقىدە دائىم تاسادىپىي ئەھۋال
كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ، قېنى ئاخىرقى نەتىجە قانداق بولار-
كىن، دەپ ئىككى خىيالدا قالغان بولسا، كۆپىنچە كىشى-
لەر «توغرۇل» كوماندىسىنىڭ غەلىبە قىلىشىغا ئىشەنچ
قىلاتتى.

توغرا، چېمپىيونلۇق تاجى ھېچقانداق كوماندىغا باقى-
مەندى ئەمەس. ھەرقانچە كۈچلۈك بولۇشىدىن قەتئىينە-
زەر، ئۇنى ھامان مەغلۇب قىلىدىغان رىقابەتچى چىقىدۇ.

«كۆك تۇلپار» كوماندىسى بۈگۈن كۈچلۈك رەقىبكە دۇچ كەلگەن بولۇشى، «A» دەرىجىلىك ئورنىنى تارتقۇزۇپ قويۇشى، شۇندىن ئېتىبارەن «توغرۇل» كوماندىسىنىڭ نامى ئالدىنقى رەتكە ئۆتۈپ، ئاۋامنىڭ ئاغزىدا داستانغا ئايلىنىشى، مۇشۇ شەھەردە ئىشلەپچىقىرىلغان تاۋارنىڭ ماركىسىدىكى كۆك تۇلپار سۈرىتىنىڭ ئورنىنى قۇشنىڭ سۈرىتى ئىگىلىشى مۇمكىن.

قولىدىكى غەلىتە دۈربۈن بىلەن مەيدان سىرتىدا رەڭگى ئۆچكەن ھالدا نېمە قىلارنى بىلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرغان «كۆك تۇلپار» كوماندىسىنىڭ مەشقاۋۇلىنى كۆرگەن پۇتبول مەستانىلىرى «كۆك تۇلپار» نىڭ ئىشى چاتاقراق ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلىشتى. «كۆك تۇلپار» كوماندىسى ئەزالىرىنىڭ ھەرىكىتىدىكى سۇسلۇق، تېكىرقاش، ھودۇقۇشنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلىنىۋاتقانلىقى بارغانسېرى روشەنلىشىۋاتاتتى. پەقەت تولۇپنىڭ تەمكىن چىرايىدىن بىرەر ئىپادىنى بايقاش تەس ئىدى. قارىماققا، «توغرۇل» كوماندىسى يەنە بىر قېتىم كۈچلۈك ھۇجۇم تەشكىللىسىلا بىر نومۇرغا ئېرىشەلەيدىغانلىقى كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغان ئىدى. «كۆك تۇلپار» كوماندىسى ئۆزى ئۈچۈن پايدىسىز بولۇۋاتقان ۋەزىيەتنى ئوڭلاپ، نومۇر ئېلىشقا چامى يەتمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەندەك قىلاتتى. ئاخىرى قانداق بولاركىن، دەپ ئىككى خىيال بولۇپ قالغانلارنىڭمۇ كۆڭلىدە ئېغىش پەيدا بولماقتا ئىدى. پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ھېلىتىن غەلىبە شادلىقى چۇلغىۋالغان «توغرۇل» كوماندىسىدىكىلەر توپنى قارشى تەرەپ مەيدانىنىڭ

جازا توپ رايونىغا يېقىنلاشتۇردى. جىددىيلەشكەن بىك ۋە ۋارىتارنىڭ چېكىسىدىن ئاققان ئاچچىق تەر كۆزىگە كىرىپ ئېچىشتۇرۇۋەتسىمۇ، قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن سۈرتۈۋې- تىشكە ئىمكان قىلالمىدى. كۆرۈش سۈپىسىدىكى ھاياجان- لانغان تاماشىبىنلار ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. كۆپچىلىك ئاشۇ دۈپدۈگىلەك شەيتان ۋارىتارغا ئۇرۇلۇشى بىلەن تەڭلا ئالقىش ياڭرىتىپ تەبرىكلەشكە تەييار ئىدى. ئەنە شۇ تەنتە- نىلىك دەقىقىلەرگە بولغان ئىنتىزارلىق «توغرۇل» دەپ ۋارقىراشلارنىمۇ، ھەتتا تىن تارتىشلارنىمۇ يوق قىلىۋەت- كەن ئىدى.

دۇنيادىكى نۇرغۇن ئاجايىپ ۋەقەلەرگە ئوخشاشلا ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن بىر ئىش يۈز بەردى. «توغرۇل» كوماندىسىنىڭ توپ ئېلىپ ماڭغان ئەزاسى توپ تالاشقىلى ئالدىنى توسقان «كۆك تۇلپار» نىڭ ئەزاسىدىن توپنى قاچۇرۇپ يەنە بىر يېنىغا ئۆتكۈزمەكچى بولغاندا ئىككىسى يېنىك سوقۇلدى. «توغرۇل» كوماندىسىنىڭ ئەزاسى ئۆزىنى ئوڭلاپ بولغۇچە توپ سەل يىراقلاپ كەت- تى. مۇشۇنىڭدىن پايدىلانغان تولۇن ئۆزىنى توپقا ئېتىپ، پەستە دومىلاۋاتقان توپنى پېشانىسى بىلەن ئۇسۇپ ئۆز ۋارىتارى تەرەپكە ئازراق سۈرۈپلا ئورنىدىن ئىرغ- ىپ تۇردى - دە، سول پۇتىنىڭ ئۇچىدا توپنى ئادەم بويى ئۆرلىتىپ، ئارقىدىنلا بار كۈچىنى يىغىپ ئوڭ پۇتى بىلەن شۇنداق تەپتىكى، ۋىژىلداپ ئۇچقان توپ ئوتتۇرا سىزىق- تىنمۇ ئۆتۈپ يەرگە چۈشتى. تولۇننىڭ كۆزلىرى ئوتتەك ياندى. ئۆز پىلانىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇندىدى. چۈنكى ئۇنىڭ

ئۆتكۇر كۆزى «توغرۇل» كوماندىسى ئەزالىرىنىڭ توپ قوغلىشىپ بۇ تەرەپكە يىغىلىپراق قالغانلىقىنى، قارشى مەيداندا ۋارىتاردىن باشقىلار ئۆز ئورنىدىن ئايرىلىپ كەتكەنلىكىنى ئاللىقاچان كۆرۈپ ئۈلگۈرگەن ئىدى. «كۆك تۇلپار» كوماندىسىنىڭ روھى چۈشۈپ كەتكەن ئوتتۇرا قاتاردىكى ئەزالىرى دەرھال ھوشىنى يىغىپ، توپنىڭ كەينىدىن كېيىكنى كۆرگەن يىلپىزدەك ئېتىلدى. بوراندەك يوپۇرۇلۇپ كەلگەن بىرقانچە ئادەمگە ۋارىتار قانداقمۇ تەڭ كېلەلىسۇن. ساناقسىز مۇسابىقىلەردە كەسكىن جەڭنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ پىشقان، ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ھىيلە-تاكتىكىلارنى ئۆگىنىۋالغان بۇ ئەزىمەتلەر كېمىسى خادا تاشقا سوقۇلۇپ دېڭىزغا چۈشۈپ كەتكەن ئادەمگە پاچاقلانغان كېمىنىڭ يوغان بىر پارچە تاختىيى ئۇچراپ قالغاندەك، ئاران نېسىپ بولغان «جاننى قۇتقۇزغۇچى» بۇ پۇرسەتنى قانداقمۇ قولدىن بەرسۇن؟! توپ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن ۋارىتارنى نەچچە دومىلىتىپ، خۇددى كۆچكەن يۇلتۇزدەك تۇيتۇز ماڭغىنىچە تورغا ئۇرۇلغاندا، نېمە ئىش بولغانلىقىنى تېخى چۈشىنىپ يەتمىگەن «توغرۇل» كوماندىسىدىكىلەر «كۆك تۇلپار» دەپ تەنتەنە قىلىپ ۋارقىراشلارنى ئاڭلاپ مەڭدەپ قالدى. مانا بۇ مەغرۇرلۇق پەيدا قىلغان بىردەملىك بىخۇدلۇقنىڭ ئاقىۋىتى ئىدى.

ۋاقىت توشتى. غەلىبە شادلىقىدا ئۆزىنى يوقىتىپ، چىملىقتا، توپىلىق ۋە لاي - پاتقاقلار ئارىسىدا دومىلاۋاتقان، ئەسەبىيلەرچە سەكرىشىۋاتقان «كۆك تۇلپار» كوماند-

دىسىدىكىلەر ھەل قىلغۇچ جەڭگە يول ئاچقان، شارائىت ھازىرلىغان تولۇننى بىردىنلا ئەسكە ئالدى ـ دە، ئۇنى قىزغىن قۇچاقلاپ، ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئاتتى. مەيدان سىرتىدا ئولتۇرغان مەشقاۋۇل كۆزلىرى ياشلىنىپ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالغان ئىدى. ئۇلار ئىلگىرىمۇ غەلىبە قىلغان. ئەمما ھازىرقىدەك خۇشال بولۇپ باقمىغان ئىدى. بۇ قېتىمقىسى چۈشىنىكسىز، تىل بىلەن ئىپادىلەش قىيىن بولغان ئالاھىدە شارائىتتا يارىتىلغان نەتىجە بولغاچقا، ئۇلارنى بىر توپ نېرۋا كېسەلگە ئوخشىتىپ قويغان ئىدى.

— يۈرۈڭ،— دېدى ئىلىگ بەگ ئايچېچەككە، — تولۇن بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنى تەبرىكلەپ قويايلى.

ئۇلار تالاش ـ تارتىش، بەس ـ مۇنازىرە بىلەن كۆڭۈلدىكى سۆزلىرىنى قىلىشقاچ كۇلۇبتىن چىقىۋاتقان تاماشىبىنلارنىڭ ئارىسىدىن تەستە ئۆتۈپ، تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ دەم ئېلىش ئۆيىگە كەلدى. «كۆك تۇلپار» كوماندىسىنىڭ ئەزالىرىنى، بولۇپمۇ تولۇننىڭ ئەتراپىنى بىرمۇنچە مۇخبىرلار ۋە توپ مەستانىلىرى ئورىۋالغان ئىدى.

— بىز تولۇن بىلەن كۆرۈشمەكچىدۇق، — دېدى ئىلىگ بەگ بىر توپ كىشىلەرنىڭ قورشاۋىدىن قۇتۇلۇپ چىققان «كۆك تۇلپار» كوماندىسىنىڭ مەشقاۋۇلىغا ئىلتىجا قىلىپ ئۆزى بىلەن ئايچېچەكنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇردىدى.

—نامىڭىزنى كۆپ ئاڭلىغان، دوكتور، —دېدى ئېگىز بوي، كەڭ گەۋدىلىك، ئازراق قورساق سالغان مەشقاۋۇل قول ئېلىشىۋېتىپ، —سىز بىلەن كۆرۈشكەنلىكىمدىن

بـەك خۇشالمەن.

مەشقاۋۇل ئۇلارنى ئايرىم بىر ئۆيگە ئەكىردى.

— بىزگە ياردەم قىلسىڭىز، مەشقاۋۇل.

— سەل ساقلاپ قالىدىغان بولدۇڭلار، كۆر-دىڭىزغۇ، — ئىككىنىڭ ئۇچىدا سىرتنى ئىما قىلدى مەشقاۋۇل.

— كىرەك يوق.

ئارىدىن بەش مىنۇت ئۆتۈپ مەشقاۋۇل تولۇننى باشلاپ كىردى. تولۇن بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە قالتىس شۆھرەت قازانغان بولسىمۇ، مەشقاۋۇل ۋە باشقا سەپداشلىرىغا ئوخ-شاش خۇشال بولۇپ كەتمىگەندەك قىلاتتى. «چارچاپ ھالى قالمىغاندا، مۇخبىرلار ۋە توپ مەستانىلىرىنىڭ ئاۋارە قى-لىشى ئۇنىڭغا ياقمىغاندۇ. مۇسابىقە جەريانىدا كېتىدىغان جىسمانىي قۇۋۋەتكە قارىغاندا روھىي جەھەتتىكى جىددىي-لىك ئېزىپ تاشلايدۇ ئەمەسمۇ» دەپ ئويلىدى ئىلىگ بەگ. بىراق، بۇنداق ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىدە ئالاھىدە تۆھپە كۆرسىتىپ، توپ مەستانىلىرىنىڭ قىبلىگاھىغا ئايلانغان بۇ يىگىتنىڭ سەل پەرىشان كۆرۈنۈشى بەكمۇ غەلىتە ئىش ئىدى.

— ياخشىمۇ سىز، دوكتور، سىلەرنى ساقلىتىپ قو-يۇپتىمەن، كەچۈرۈڭ، — دېدى تولۇن ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن.

— سىزنى تەبرىكلەيمەن . توپنى قالتىس ياخشى ئوينىدىڭىز .

— رەھمەت، دوكتور، بۇ بىر تاسادىپىيلىق. ئەمەلى-

يەتتە، مەن تاماشىبىنلارنىڭ، ھەمراھلىرىمنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقىشقا كۆپ ئاجىزلىق قىلىمەن.
ئۇنىڭ سۇلكەتلىك كۆلكىسى ئىنتايىن ئوماق، سەبىي باللارنى ئەسلىتەتتى.
— كەمتەرلىك قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىپ تۇرۇۋېتىمىز، — دېدى ئايچېچەك، — كەمتەرلىك ياخشى خىسلەت. لېكىن ھەددىدىن ئارتۇق كەمتەرلىكمۇ كىشىنىڭ غۇرۇرىنى يەرگە ئۇرىدۇ.
تولۇن قىزىرىپ كەتتى.
— بولدى، خىجىل بولماڭ. ئۇ شۇنداق چاقچاق قىلىشقا ئامراق، — ئىلىگ بەگ جىملىگەندەك ئايچېچەككە قاراپ قويدى، — ماھارىتىڭىز ھەقىقەتەن يۇقىرى ئىكەن، ئىلگىرى سىزنىڭ ئورنىڭىزدا تۇرىدىغان بىرەك ئالقىشقا ئوخشاش. يەنە كېلىپ، ئىككىڭلارنىڭ تېخنىكىلىق ھەرىكىتىڭلارمۇ تامامەن ئوخشاش دېگۈدەكلا.
مەشقاۋۇل بىلەن تولۇن ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدى.
— ئويلاپ باقماپتىكەنمەن، دوكتور، — دېدى مەشقاۋۇل ئۆزىنى بېسىۋالالماي، — سىزنىڭ پۇتبولنى چۈشىنىدىغانلىقىڭىز، بولۇپمۇ بىزنىڭ مۇنەۋۋەر پۇتبولچىلىرىمىزنىڭ ھەرىكىتىنى پىششىق بىلىدىغانلىقىڭىز مېنى چەكسىز سۆيۈندۈردى، پەخىرلەندۈردى.
— قىياسىمچە، بىرەك ئالقىش يوق. شۇڭا «كۆك تۇلپار» كوماندىسىدىكىلەر مەيدانغا كىچىكىپ كىردى. سىز ئۇ بۇ قېتىمقى مۇسابىقىنىڭ ۋاقتىنى بىلىدىغان بولغاچقا

ھەر يەردىن بولمىسۇن چوقۇم ئۇلگۇرۇپ كېلىدۇ، دەپ ئىشەنگەنتىڭىز. ۋاقىت توشۇپ ئېشىپ كەتكەندىلا ئۇنىڭ يېتىپ كېلىشىدىن ئۇمىد ئۈزۈپ، ئىلاجىسىز تولۇننى قاتـ ناشتۇرۇشقا مەجبۇر بولدىڭىز. شۇنداقمۇ؟

— توغرا، ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى، نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى بىلەلمەي ئېلىشىپلا كەتتىم. ئۇنى ئەيىبلەشـ كىمۇ ھېچقانداق ئاساسىم يوق. ئۇ ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان، شوخ، تىرىشچان بالا ئىدى. ھېچقاچان بىزنى خەۋەرسىز قالدۇرۇپ كۆلۈبتىن نېرى بولمايتتى، — دېدى مەشقاۋۇل خىيالغا چۆمۈپ، — بىراق، ئۇنىڭ ئىز - دېـ رەكسىز غايىب بولۇشى كامالەتكە يەتكەن بىر تالانت ئىگىـ سىنىڭ بايقىلىشىغا سەۋەب بولدى. يىگىت خاپا بولما، مېنىڭ قەستەن زىتىڭغا، غۇرۇرۇڭغا تېگىش خىيالىم يوق، — مەشقاۋۇل سەمىمىيلىك بىلەن تولۇننىڭ مۈرىسىـ دىن قۇچاقلاپ قويدى، — راست گەپنى دەۋاتىمەن. سەن ئادەتتە ئېغىر بېسىق، كەمسۆز، ھەرىكىتىڭ كالامپايراق بولغاچقا، مۇھىم مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىش تەلىپىڭنى رەت قىلىپ كەلدىم، بۇ خاتالىقىمغا ئىقرارمەن. خاتالاشمايدىـ غان كىم با؟ بەلكىم سېنى خاتا تونۇپ قالغاندۇرمەن. ھېس - تۇيغۇلىرىم ئالداپ قويغاندۇ. سېنىڭ كۇندۇزىمۇ ئۇخلىماي چۈش كۆرۈۋاتقاندەك تەسىرات بېرىدىغان مۇلاـ يىم، جىمغۇر مىجەزىڭ ۋۇجۇدۇڭدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان بايـ لىقلارنى كۆرۈشكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان مانانىڭ رولىنى ئوينىغاندۇ. بۇ يەردە گەپ بىلەن ئولتۇرۇۋەرگىنىمنى قاـ رىمامدىغان، ئۇسسۇلۇق ئەكىرەي، — دېدى مەشقاۋۇل

ئەمدى ئىسىگە كەلگەندەك ئورنىدىن ئالدىراپ تۇردى،— سىلەرنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىڭلارنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. بىمالال پاراڭلىشىۋېرىڭلار.

— بولدى، ئاۋارە بولماڭ.

— ئاۋارە بولغۇدەك ھېچ ئىش يوق. بىردەمدىلا كىردىمەن.

ئىلىگ بەگ توسۇپ بولغۇچە، ئۇ ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.

— ئالقىش كوماندىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. شۇنداقلا پۇتبول ھەرىكىتىدە دۇنياغا يۈزلىنىش ئارزۇسىدىكى خەلقىمىز ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا مۇھىم. ئۇ «كۆك تۇلپار» كوماندىسىدىكى باشقا ئەزالارنىڭ پۇتبول مەيدانىدىكى كەسكىن ئېلىشىش جەريانىدىلا ئىشلىتىدىغان يەنە بىر كۆزى، پىكىر قىلىش قورالى، غەلىبە قىلىش ئىشەنچىسى دىيسەكمۇ ئارتۇق كەتمەس،— تولۇن سەپدىشىنى چەكسىز پەخىرلەنگەن ھالدا ماختاش بىلەن سۆز باشلىدى،— ئۇنىڭ بولماسلىقى ئەزالىرىمىزدا قانداق ناچار روھىي ئىنكاس پەيدا قىلغانلىقىنى ھېس قىلغانسىلەر. . .

— ماۋۇ چاتاقنى كۆرۈڭ. ئەگەر سىلەر بولمىغىنىڭلاردا چوقۇم بىر يامان چۈش كۆرۈۋاتىمەن، دەپ ئويلىغان بولاتتىم،— دىدى ئۆگسۈلى ئۆچكەن ھالدا قۇرۇق قول قايتىپ كىرگەن مەشقاۋۇل پۈتى كۆيگەن توخۇدەك تىپىرلاپ،— چىقىپ تۇرۇشۇمغا ساقچى ئىدارىسىدىن تېلېفون كەپتۇ. ئۇلارنىڭ دىيىشىچە، ئەخلەت بىر تەرەپ قىلىش ئورنىدا تېخى تەلتۆكۈس ئېنىقلىنىپ بولمىغان

خىمىيىلىك دورا تەسىرىدە چىرىپ كەتكەن بىر جەسەت بايقىلىپتۇ. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ بىز ھازىر گېپىدنى قىلىۋاتقان ئالقىش ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىپتۇ.

— نېمە؟— ئىلىگ بەگ بىلەن ئايچېچەك بىر- بىرىگە قارىشىپ قالدى.

— چاقچاق قىلمايۋاتقانسىز، مەشقاۋۇل،— دېدى تولۇن گاڭگىرىغان ھالدا.

— مېنىڭ ئۇنداق بىمەنە چاقچاق قىلىدىغان ھاماقەتلەرچە ئادىتىم يوق،— مەشقاۋۇل ئۇنىڭغا ئالايدى،— بۇنداق شۇم خەۋەر قۇلىقىمغا ئاڭلانغاندىن كۆرە كاللامغا يوغان بىر توقماق تەگكەن بولسا قانچە خۇش بولار ئىدىم.

— ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ ، — تەسەللى بەردى ئايچېچەك.

— ئېيتىڭلارچۇ، نېمىشقا ئۇ ئۆلىدۇ؟ ئۇ ھاياتتىن ئاسانلا بېزىپ كېتىدىغانلارغا ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئۇ چوقۇم قەستلەنگەن،— بېشىنى ئىككى قولى بىلەن چاڭگاللىۋالغان مەشقاۋۇلنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاقتى.

— بۇ مۇمكىنمۇ،— دېدى تولۇن ئالدىراپ سۆز قىستۇرۇپ،— ئۇنىڭ مىجەزى ئالتۇندەك ئېسىل، ھەممەيلەن بىلەن چىقىشىپ ئۆتىدۇ. بۇنداق ئادەمنىڭ دۈشمىنى بار، دېسە كىمنىڭمۇ ئىشەنگۈسى كەلسۇن.

— مەيلى قانداق سەۋەب بولسۇن، سىر ھامان ئايدىڭلىشىدۇ،— دېدى ئىلىگ بەگ.

ھەممەيلەن سۈكۈتكە چۈمدى.

— كەچۈرۈڭلار، كەچتە ئازراق ئىشىم بار ئىدى، مەن ماڭغاچ تۇراي،— دېدى تولۇن.
— سىز سولخايمۇ؟— دەپ سورىدى ئىلىگ بەگ.
— شۇنداق، بۇنى سوراپ قالدىڭىزغۇ.
— ئۆزۈمچىلا.
ئىلىگ بەگنىڭ يۈزىدە سۈس كۈلۈمسىرەش پەيدا بولۇپ، شۇئان يوقالدى. تولۇن گۇمانسىرىغان هالدا ئىلىگ بەگكە قاراپ قويۇپ، ئاندىن مەشقاۋۇلغا بۇرۇلدى:
— بىرەر ئىش بولسا خەۋەر قىلارسىز.
تولۇن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئىشىك يېپىلغاندا تاققىدە قىلغان ئاۋازنى ئاڭلاپ، مەشقاۋۇل بېشىنى كۆتۈردى.
— قانۇن دوختۇرلىرى يېڭىلىشتىغۇ دەيمەن. جەسەت چىرىپ كەتكەن ئىكەن. ئۇ ئالقىشنىڭ جەستىمۇ ياكى تىجارەتتە ۋەيران بولۇپ جاندىن تويغان بىرەر كارخانىچىنىڭ جەستىمۇ، بۇنى كىم بىلىدۇ،— دېدى مەشقاۋۇل مەسخىرىلىك ئاهاڭدا.
— مۇبادا جەسەت چىرىپ كەتكەن بولۇپ، يۇمشاق توقۇلمىلارنى پەرقلەندۈرۈش مۇمكىن بولمىغاندا، جەسەتنىڭ جىنس ئايرىمىسىنى ئايرىشنىڭ ئەڭ ئاددىي هەم ئىشەنچلىك ئۇسۇلى داس سۆڭەكنى ئۆلچەشتۇر. دوۋسۇن سۆڭەك يايى70— 75 گرادۇس بولسا ئەر، تەخمىنەن 75 گرادۇستىن95— 100 گرادۇسقىچە بولغانلار ئايال هېسابلىنىدۇ. ئادەمنىڭ تەن هۇجەيرە يادروسىدا 23 جۈپ خروموسوما بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر جۈپى جىنسىي ئاي-

-رىمىنى بەلگىلەيدۇ. ئادەتتە ئەرلەرنىڭ جىنسىي خروموسومى YX، ئاياللارنىڭ XX ھالىتىدە بولىدۇ. شۇڭا توقۇلما ھۇجەيرىلىرىدىكى Y ياكى Xنى ئۆلچەش ئارقىلىق جەسەتنىڭ جىنسىنى ئېنىقلىغىلى بولىدۇ.

— ئۇنداقتا ئۇنىڭ يېشىچۇ، ئۇ بىر ياشانغان ئادەمنىڭ جەسىتى بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

— ئادەتتە تېرىدىكى قورۇق ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئۆسمۇر، ياش، ئوتتۇرا ياش ۋە چوڭ ياشتىكى كىشىلەر جەسىتىنىڭ ياش دائىرىسىنى قىياس قىلغىلى بولىدۇ. تېرە ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان ئەھۋالدا سۆڭەكلەرنى تەكشۇرۇش، باش سۆڭىكى يېرىقىنىڭ ھىملىنىشى ۋە سۆڭەك ئۆسكۇچى قىسمىنىڭ پۇتۇش دەرىجىسى قاتارلىقلارنى كۆزىتىش ئارقىلىقمۇ جەسەتنىڭ ياش دائىرىسىنى مۆلچەرلىگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، تۆش سۆڭەكنى ئالساق، ئۇنىڭ پۇتۇشى ئادەتتە تۆۋەندىن يۇقىرىغا بولىدۇ. 4 ~ 7 ياشتىكىلەرنىڭ 3 ~ 4 ئۇگىسى پۇتىدۇ. 7 ~ 18 ياشتىكىلەرنىڭ 2 ~ 3 ئۇگىسى پۇتىدۇ. 19 ~ 20 ياشتىكىلەرنىڭ 1 ~ 2 ئۇگىسى پۇتۇشكە باشلايدۇ. 20 ~ 23 ياشتا تۆش سۆڭىكى پۇتۇنلەي پۇتىدۇ. 23 ~ 30 ياشتىكىلەرنىڭ سۆڭەك بۇلۇڭى يوغىنىشقا باشلايدۇ. 35 ياشلار ئەتراپىدا بىرىنچى قوۋۇرغا بوغۇم يۇزى قېلىنلىشىشقا باشلايدۇ. 40 ياشتىن كېيىن تۆش سۆڭەكنىڭ ئاخىرقى ئۇگىسى ۋە خەنجەرسىمان ئۆسۇكچە پۇتىدۇ. چىشنىڭ ئۆسۇپ - يېتىلىش ئەھۋالى ۋە ئۇپراش دەرىجىسىنى تەكشۇرۇشمۇ ئۇلگۇچىنىڭ يېشىغا ھۆكۇم قىلىشقا

ياردەم بېرىدۇ. ئادەمنىڭ سۈت چىشى، تۇغۇلۇپ ئالتە ئايدىن كېيىن چىقىشقا باشلاپ، ئىككى يېرىم ياش ئەتراپىدا تولۇقلىنىپ بولىدۇ. 6~ 13 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا سۈت چىشى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ چۈشۈپ كېتىپ، ئۆمۈرلۈك چىش چىقىدۇ. ئۈچىنچى قېتىملىق ئېزىق چىش ( ئەقىل چىشى ياكى يىلتىزلىق چىش) 18~ 30 ياش ئەتراپىدا چىقىپ بولىدۇ، بۇلار پەقەت تەكشۈرۈشنىڭ ئادەتتىكى بىر خىل ئۇسۇللىرى. قىسقىسى، هازىرقى قانۇن تېببىي ئىلمىنىڭ تەرەققىياتى يۇقىرى، خاتالىق كۆرۈلمەيدۇ. ئۇ جەسەتنى ئالقىش دەپ هۆكۈم چىقارغان بولسا، ئۇنىڭغا ئىشىنىش كېرەك.

ئاخىرقى ئۈمىدىدىنمۇ مەھرۇم بولغان مەشقاۋۇلنىڭ كالىلىسى ساڭگىلاپ كەتتى. چىرايى قايغۇلۇق تۇس ئالدى.

— قايغۇرماڭ، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، خەلقىمىز سىزگە موھتاج. سىز يەنە ئالقىشقا ئوخشاش مۇنەۋۋەر پۇتبولچىلارنى، خەلقىمىزنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەپ چىقالايسىز.

— ئىلهام بەرگىنىڭىزگە رەھمەت ، بۇ ھەقىقەتەن چوڭ يوقىتىش بولدى . ھەممىمىزنى قايغۇغا سالدى . ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلغۇچى چوقۇم ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدۇ.

— توغرا دېدىڭىز. ئۇ قانۇننىڭ جازاسىدىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدۇ.

ئۇلار خوشلىشىپ چىققاندا ئالىلقاچان كەچ سائەت يەتتە بولغان ئىدى.

— ئاۋۋال قورساققا چارە قىلامدۇق،— دېدى ئىلىگ بەگ.

— مەنمۇ شۇنى ئويلاۋاتاتتىم، دوكتور.

— تۇزۇت قىلىشۇەرمەڭ، ئايچېچەك. دوكتورىڭىزنى قويۇپ، ئىلىگ بەگ دەۋېرىڭ.

— ئۇنداقتا سەت بولارمىكىن.

— سەت بولۇشتىن قورقامسىز، مېنى مەڭگۈ شۇنداق ئاتىماقچىمىدىڭىز؟

ئىلىگ بەگ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مېھىربىلەن تىكىلدى.

— ماقۇل، ئىلىگ بەگ،— دېدى ئايچېچەك كۆڭلىدىكى ھودۇقۇشنى، ھاياجاننى تەسلىكتە بېسىپ.

— «نەۋائى» رېستۇرانىغا بارايلى. كلاسسىك ۋە ھازىرقى زاماننىڭ، تۇرلۇك ئېقىملارنىڭ ناخشا ـ مۇزىكىلىرىدىن ھوزۇرلانغاچ تاماق يېسەك كۆڭلىمىز ئېچىلىپ قالار.

كۇلۇبنىڭ ماشىنا توختىتىش مەيدانىدا ئىككى ماشىنا تۇراتتى. بىرى ئىلىگ بەگنىڭ ئىدى. ئۇلار ماشىنىغا ئولتۇرۇپ چوڭ يول بىلەن يۇرۇپ كەتتى. كۇلۇب ئالدىدا مەشقاۋۇلنىڭ ماشىنىسى خۇددى ئىگىسىگە ئوخشاشلا يالغۇز ۋە ھەسرەتلىك كۆرۈنەتتى. ئىلىگ بەگنىڭ مەشقاۋۇلغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. ئۇنىڭغا ئاسانمۇ، كۆڭۈل قويۇپ يېتىشتۇرگەن ھەربىر مۇنەۋۋەر پۇتبولچى ئۇنىڭ جىسمىنىڭ، يۇرىكىنىڭ بىر پارچىسى. ھېسابسىز قان ـ تەرنىڭ مەھسۇلى. كۇنسېرى ئۇنىڭدىن يىراقلىشىۋاتقان ھاياتلىق ئالىمىنىڭ يالدامىسى. يورۇقلۇق چىقىرىدىغان

دەخلەر بىلەن زىننەتلەنگەن يول ئىنتايىن كۆركەملىشىپ كەتكەن ئىدى. يورۇقلۇق چىقىرىدىغان باكتېرىيە ۋە يو-رۇقلۇق چىقىرىدىغان گېننى دەرەخ ھۈجەيرىسىگە كىرگۈ-زۈش ئارقىلىق يېتىشتۈرۈلگەن، كۈندۈزى كوچا دەرىخى بولسا، كېچىسى يول چىرىغى ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان بۇ دەرەخلەر چاچقان يۇلتۇزسىمان پارقىراق يورۇقلۇق ئاجا-يىپ چىرايلىق مەنزىرە ھاسىل قىلغان ئىدى. خۇددى ھاۋا ئوچۇق كېچىسى كۆك گۈمبىزىگە ئېسىلىپ تۇرغان سانسىز يۇلتۇزلار ئاجايىپ قۇدرەتلىك، سېھىرلىك بىر كۈچنىڭ تەسىرىدە بىر يەرگە يىغىلىپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى.

ئىلىگ بەگ يېنىغا — ماشىنىنىڭ ئورۇندۇقىغا ئۆزد-نى بىمالال تاشلىغىنىچە يىراقلارغا نەزەر سېلىپ ئولتۇر-غان ئايچېچەككە قارىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى ئالدى تەرەپتىد-كى ماشىنا ئەيدي يېتىپ بارالمايدىغان نۇقتىنى ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ مەۋھۇم، لېكىن چەكسىز خەيرلىك بولۇ-شىغا ئىشەنچ بېغىشلايدىغان كەلگۈسىنى كۆزىتىۋاتقاندەك، بۇ ھەقتە پىكىر يۈرگۈزۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— سىز تولۇنغا دىققەت قىلىدىغىزمۇ؟— دەپ سورىد-دى ئىلىگ بەگ ئۇنىڭ خىيالىنى بۇزۇپ.

ئايچېچەك ئۇنىڭغا لاپپىدە قاراپ قويىدى.

— ئەلۋەتتە.

— نېمىنى ھېس قىلدىڭىز؟

— مېنىڭچە ئۇ سەمىمىي يىگىتكەن.

— شۇنداقمۇ؟

— ئىشەنمەيۋاتامسىز؟

— ئۇنىڭ كۆڭلى جايىدا ئەمەس. بولۇپمۇ ئالقىش ھەققىدە گەپ بولغاندا تېخىمۇ ھودۇقۇپ كەتتى. كېيىن مەشقاۋۇل ئالقىشنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئېلىپ كىرگەندە روھىي ھالىتىدىكى غەيرىيلىك چېكىگە يەتتى.

— كۆڭلىدە ساختىلىق بار ئادەمنىڭ بىر نەرسىگە نەزەر سېلىشى تۇراقسىز بولىدۇ. قارشى تەرەپتىن كۆزىنى قاچۇرىدۇ. ئاۋازى ئادەتتىكىدىن يۇقىرىراق چىقىدۇ. تىلى كالۋالىشىدۇ، دۇدۇقلايدۇ، سۆزلىرى تەكرارلىنىدۇ، ياكى گېپىگە «ھە»، «ھەم» دېگەنلەر ئادەتتىكىدىن كۆپرەك ئارىلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى قولى ھەرىكەتتىن توختاپ قالىدۇ ياكى قولىنى قارشى تەرەپتىن يوشۇرۇپ ئارقىسىغا قىلىۋالىدۇ. ئەمما بۇ يىگىت شۇنچە قىزغىن، قاراشلىرى بىمالال، ھەتتا تەشەببۇسكارلىق بىلەن بىزنى جەلپ قىلدى. «كۆك تۇلپار» كوماندىسىنىڭ ئاساسلىق ئەزاسى، شۇنداقلا دوستى، سەپدىشىنىڭ توساتتىن غايىب بولۇشى ۋە ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈمى ئۇنى ئېھتىمال شۇنداق ھالغا كەلتۈرۈپ قويغاندۇ.

— چىن ھېسسىيات ھەقىقىي قايغۇرۇش بىلەن غەيرىي كەيپىيات، خاتىرجەمسىزلىك ئوتتۇرىسىدا پەرق بار. ئۇ گەرچە ئۆزىنى شۇنچە بىمالال كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقى كۆرۈنەرلىك ھالدا يوغىناپ كەتتى. چۈنكى كۆز قارىچۇقى نۇرغا ئەگىشىپ يوغىنايدۇ ياكى كىچىكلەيدۇ. شۇنىڭدەك كۆز قارىچۇقى ھېسسىيات ئامىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئۆزىنىڭ سەمىمىيلىكىنى ئىپادىلىگەندەك قىلسىمۇ، كۆڭلىدە ساختىلىق بولسا، كۆز

قارىچۇقى مۇقەررەر يوغىنايدۇ. ئۇنىڭ مىجەز ـ خاراكتې-
رىدىن ئالغاندا، ئۇ ئەسلىي بىرقەدەر ئاستا، ئېغىر ـ
بېسىق سۆزلەيدۇ. ئەمما ئۇ ئۇنداق قىلمىدى. تەلەپپۇزى
خېلىلا تېز. ئادەتتە تېز سۆزلەيدىغان ئادەم يالغان ئېيتسا
ئاستا سۆزلەيدۇ. ئاستا گەپ قىلىدىغان ئادەمنىڭ گېپى
ئىتتىكلەپ كېتىدۇ. بۇ، يالغانچىلارنىڭ ئادىتى. بۇنىڭدىن
باشقا يالغان ئېيتقۇچى ئاز كۈلىدۇ. ئۇ كۈلگەن تەقدىردى-
مۇ، زورىغا كۈلۈۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. ئىچىدىن چىققان
ھەقىقىي كۈلكە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قورۇق پەيدا قىلىدۇ.
ياسالمىلىق بىلەن كۈلگەندە، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدىكى مۇس-
كۇل تارتىشىدۇ. بۇ تارتىشىش قاتمال بولۇپ، بىردەمدىلا
يوقاپ كېتىدۇ. ھالبۇكى، ياسالمىلىق بىلەن كۈلگەندە،
كۈلكە يۈزنىڭ يېرىمىدا ئىپادىلىنىدۇ، ئوڭخاي ئادەمنىڭ
زورىغا كۈلۈشى ئادەتتە ئۇنىڭ يۈزىنىڭ سول يېرىمىدا،
سولخاي ئادەمنىڭ يۈزىنىڭ ئوڭ يېرىمىدا ئىپادىلىنىدۇ.
قول ھەرىكىتى قىلغان بولسىمۇ، قول ھەرىكىتىنىڭ چىرا-
يىغا تەسىر قىلغان ـ قىلمايۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىش كې-
رەك. چۈنكى يالغان ئېيتقۇچى ئىختىيارسىز ئۆزىنىڭ
بۇرنى، ئاغزى ۋە ئېڭىكىنى سىلاپ، كۆڭلىدىكى خاتىر-
جەمسىزلىكنى ئازايتماقچى بولىدۇ...
— بىلدىم. شۇڭا ئۇنىڭ مەڭزىدىكى دانىخورەكنى
سىلاپ كەتكىنى بىكار ئەمەسكەن ـ دە، بىردەملىك سۆزلە-
شىش جەريانىدا شۇ قەدەر ئەتراپلىق كۆزىتىپ بوپسىز.
ھەتتا سولخاي ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىۋاپسىز.
— ئەمەلىيەتتە، سىزنىڭ پەرەزلىرىڭىزمۇ توغرا. لې-

كىن ئۇ قەستەن تەمكىن قىياپەتكە كىرىۋالغان بولغاچقا، ئالدىنىپ قالغانسىز، ئەگەر سىزدە گۇمانىي قاراش بولسا، كۆپ تەرەپلەرگە، مەسىلەن، ئاۋازىغا، كۆزىگە، كۈلكىسىگە ۋە ئىككى قولىغا دىققەت قىلغان ياخشى. دەرۋەقە، يۇقىرىدا ئېيتىلغانلار ئادەتتىكى ساختىپەزلىكلەرگە مۇئامىلە قىلىشتىكى ماھارەتلەر، لېكىن ئالدامچىلىقتا ئادەتلىنىپ كەتكەنلەرگە مۇئامىلە قىلىش باشقا بىر گەپ.

— ئىلىگ بەگ، سىز تولۇندىن گۇمان قىلىۋاتامسىز، ئەگەر سىزدە شۇنداق خىيال بولسا رېئاللىقتىن بەكلا چەتنەپ كەتكەن بولامسىز، قانداق؟

— بىلمەيمەن. مەندە بىر خىل تۇيغۇ بار. خۇددى ئۇ مۇناسىۋەتلىكتەك.

— لېكىن ھېچقانداق پاكىتىڭىز يوق. شۇنداقمۇ؟ ئىلىگ بەگ بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئاساسسىزلا باشقىلارنى قارىلىماڭ. بەلكىم ئۇ سىزنىڭ تۇيغۇڭىزدىكىدەك ئەمەستۇر.

ئۇ ئۈن چىقارمىدى. لېكىن ئۇنىڭ كاللىسىدىكى ئالقىش دېلوسى ئىگىلىگەن ۋە بىرەر يىپ ئۇچى، پەرەز بىلەن ئىز سېلىنمىغان ئاشۇ قاپقاراڭغۇ بوشلۇقتا «تولۇن»، «ئالقىش» تىن ئىبارەت ئىككى سۆزدىن تەركىب تاپقان سوئال خۇددى ھاۋا ئۇچقۇق كۇنلەردىكى قۇياشتەك ئېنىقلا قويۇلۇپ بولغان ئىدى.

ئىگىسىنىڭ بۇيرۇقىنى سادىقلىق بىلەن ئورۇنداۋاتقان ئاپتوماتىك تىزگىنلەش سىستېمىسى ماشىنىنى رېستورانىنىڭ ماشىنا توختىتىش مەيدانىغا ئەكىرىپ ئاستا توختاتـ

تى. ئۇلار رېستورانغا كىردى. ئۇلارنى ئىللىق چىراي كۈتكۈچى قىز رېستوراننىڭ تۆر تەرىپىگە جايلاشقان سازەندىلەرنىڭ ئورنىغا يېقىن بىر ئۈستەلگە باشلاپ باردى. بىر ياش ئەر ناخشىچى غەربچە ۋە مىللىيچە چالغۇلار ئارىلاش ئوركىستىرنىڭ تەڭكەش قىلىشىدا بىر خەلق ناخشىسىنى ئىشتىياق بىلەن ئېيتىۋاتاتتى:

يۈرىكىمدە ئاجايىپ بىر تۇيغۇ،
بېسىپ كەلگەن كۆڭلۈمنى قايغۇ.
كۆزلەرىمدىن يوقالغان ئۇيقۇ،
ۋاپادارىم، كەل نىگارىم؛ سېغىندىم سېنى!

ئىلىگبەگ قولىدىكى ئەبجەش ئىچىملىك قۇيۇلغان ئېگىز تەگلىك جامنى ئايلاندۇرغىنىچە جىملائولتۇراتتى.

— نېمىنى خىيال قىلىۋاتىسىز، ئىلىگ بەگ، — دېدى ئايچېچەك مۇلايىم، سۇزۇك، ھېسسىياتلىق ئاۋازدا.

— ناخشىنى، ئۇ يىگىت ھەقىقەتەن ياخشى ئېيتىدىكەن. تېكىستىنى دېمەمسىز تېخى.

— راست، تېكىستىمۇ ئاجايىپ مەنىلىككەن.

ئايچېچەك ناخشىنىڭ تېكىستىنى ئاستا تەكرارلىدى:

... ...

يۈرىكىمدە ئاجايىپ بىر تۇيغۇ.

... ...

— يۈرەك، يۈرەك ... ئۇ ئادەمنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر ئەزاسى. گەرچە ئادەم يۈرىكىنىڭ چوڭ - كىچىك-

لىكى مۇشتتەك بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىقتىدارى ئىنتا-يىن زور،— دېدى چوڭقۇر ئويغا چۆمگەن ئىلىگ بەگ خۇددى يېنىدا ئادەم يوقتەك، ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك پەس ئاۋازدا.

— قاننى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، يۈرەكنىڭ بىر كۈندە قىلىدىغان ھەرىكىتى بىر توننا ئېغىرلىقتىكى جى-سىمنى بەش قەۋەتلىك بىنانىڭ ئېگىزلىكىدە كۆتۈرگەنگە باراۋەر كېلىدىكەن.

— يۈرەكنىڭ كۈنگە چىقىرىدىغان قان سۇيۇقلۇقى ئالتە تونىدىن سەككىز توننىغىچە بولىدۇ. ئۈچ يېرىم يىل ئىچىدە چىقارغان قان سۇيۇقلۇقى 10 مىڭ توننىلىق بىر پاراخوتنى لەيلىتەلەيدۇ.

— يۈرەكنىلا تەتقىق قىلىپ كەتتۇققۇ،— ئايچېچەك قىيغاچ قاشلىرىنى ئۈچۈردى. ئۇ يۈرەكنىڭ گېپى بىلەن ئۆزلىرىگە ئالاقىدار پاراڭنىڭ چىقىشىنى، بۇ ئارقىلىق بىر- بىرىگەبولغان ھېسسىيات دەرىجىسىنى ئېنىق بىلىشنى ۋە تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئۈمىد قىلغان ئىدى. ئەس-لىدە ئۇنىڭ خىيالغا پېتىشى ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز ئىكەن-دە.

ئايچېچەكنىڭ كەيپى ئۈچۈپ، ئۆزىگە قىلچە پەرۋا قىلماي ئولتۇرغان ئىلىگ بەگكە قارىدى. يۈزلىرى لاپپىدە ئوت ئالغاندەك بولدى. ئىلىگ بەگنىڭ ئۆزى دۇچ كەلگەن قىيىن مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى يېشىش ئۈچۈن تەپەككۇر يۈرگۈزۈۋاتقان چاغدىكى ھالىتى ئۇنىڭغا تونۇشلۇق ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئارتۇقچە شەخسىيەتچىلىك قىلىپ كەتكەنلىكى-

نى ھېس قىلىپ ئوڭايسىزلاندى.
— يۈرەك قانىنى بەدەننىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىگە يەت-كۈزۈپ بېرىدىغان ئەزالا بولۇپ قالماستىن، ئۇ يەنە ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئەزا. ئۇ بىر خىل FAN دەپ ئاتىلىدىغان گورمون ئىشلەپچىقىرالايدۇ. شۇ گورموننىڭ ياردىمىدە بىر قىسىم «ئۇچۇر» نى بەدەندىكى باشقا ئەزالارغا يەتكۈزۈپ بېرەلەيدۇ. ھەتتا مېڭە بىلەن تۇتىشالايدۇ. ئەجدادلىرىمىز ئۇنىڭ بۇنداق ئالاھىدە ئىقتىدارىنى خېلى بۇرۇنلا تونۇپ يەتكەن. شۇڭا ئۆزىنىڭ ناخشا - قوشاقلىرىدا ئۇنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئەزا ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىدىغان سۆز-لەرنى كۆپ ئىشلەتكەن.
ئايچېچەك ئىلىگ بەگنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدى.
— شەھەرلىك سوت مەھكىمىسى يېقىندىلا بىر ياش جىنايەتچىگە گۇناھسىز دەپ كېسىم چىقاردى. ئۇ ياش ئېغىر يۈرەك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغاندا دوختۇرلار يۈرەك ئالماشتۇرماقچى بوپتۇ ۋە سۇنئىي يۈرەكتىن تەبئىي يۈرەك ياخشى دەپ قاراپ، شۇ كۈنى بىنادىن چۈشۈپ كەت-كەن بىر ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئالماشتۇرۇپتۇ. كىم بىل-سۇن، ئۇ ئادەم ئەسلىي بىر قاتىل، بۇلاڭچىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يىگىت دوست - بۇرادەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئوغ-رىلىق قىلىپ، جاھاندا بار ئەسكىلىكنى قىپتۇ. ئۇ كۆڭ-لىدە قىلىۋاتقانلىرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسى-مۇ، شۇ ئىشنى قىلغۇسى كېلىپ تۇرىدىكەن. قانۇنغا خىلاپ ئىشلارنى قىلىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ ئۆيىدىن چىقىشتىن قورقىدىكەن. كېيىن قانۇن تورىغا چۈشۈپ قېلىپ، گۇ-

ناھىسىز دەپ قويۇپ بىرىلگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ كىلەچە-كىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئىككىنچى قېتىم يۈرەك ئالماشتۇ-رۇش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرۇشقا مەجبۇر بوپتۇ.

ئىلىگ بەگنىڭ ئۆزىگە قاراپلا قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئايچېچەك قىزىرىپ كەتتى.

— نېمىگە قاراۋېرىسىز؟ — دېدى ئۇ.

— بۇ ئىش نېمىشقا بۇرۇنراق ئېسىمگە كەلمىگەندۇ. ئالقىشنىڭ ئۆلۈمىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار بارغانسېرى رو-شەنلىشىۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئايچېچەك، ئويلاپ بېقىڭە، تو-لۇننىڭ ھەرىكەت شەكلى نەقەدەر ئوخشايدۇ. پۇتبول مەي-دانلىرىغا ياد بولۇپ كەتكەن ھەرىكەت شەكلىنى ئەينەن تەكرارلىغان. چىرايىنىڭ ئوخشاشماسلىقىنى ھېسابقا ئال-مىغاندا، ئۇلارنى بىر ئادەم دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ توپ ئويناش تېخنىكىسى يۇقىرى بولسا ئىلگىرىمۇ مەيدانغا چۈشمەسمىدى... ئۇ چوقۇم قاتىل. ئۇ ئالقىشنى ئۆلتۈ-رۈپ، يۈرىكىنى ئالماشتۇرۇۋالغان. مەن ساقچى ئىدارىسى-دىن سۈرۈشتۈرۈپ باقاي. جەسەتتە يۈرەك بارمۇ - يوق.

ئىلىگ بەگ قەلەم شەكىللىك ئەپچىل كۆچمە تېلېفو-ننى مەيدە يانچۇقىدىن ئېلىپ ئاپتوماتىك ئۇلاش كۇنۇپكى-سىنى بېسىپ نومۇرنى مەلۇم قىلدى.

— ۋەي، ساقچى ئىدارىسىمۇ، قانۇن دوختۇرىنىڭ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىغا قاراپ باقسىڭىز. ئالقىشنىڭ جە-سىتىدە يۈرەك بارمۇ - يوق؟

ئۇ كۆچمە تېلېفوننى ئېتىۋېتىپ، مەيدە يانچۇقىغا سالدى.

— يۇرەك ئۇقكەن. بىز ئۆزىمىز سەزگەن گۇمانلىق تەرەپلەرنى ساقچى ئىدارىسىغا يەتكۈزۈپ قويايلى.

تېلېفوننىڭ ئاۋازى تاتلىق ئۇيقۇدا ياتقان ئايچېچەكنى ئويغىتىۋەتتى. سائەتكە قارىۋىدى، تاڭ ئاتىدىغانغا يەنە يىگىرمە مىنۇتچە ۋاقىت بار ئىكەن. بۇنچە ئەتىگەن تېلېفون قىلغان كىمدۇ، نېمە زۆرۈر ئىشى باردۇ؟

ئۇ تېلېفوننى قولىغا ئالدى.

— مەن ئىلىگ بەگ. شەھەرلىك دوختۇرخانىنىڭ كۇتۇش ئۆيىگە دەرھال بارسىڭىز، مەنمۇ ھازىر شۇ يەرگە ماڭىمەن.

ئايچېچەك نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئېنىق سورىۋالاي دېگۈچە، قارشى تەرەپ تېلېفوننى ئۈزۈۋەتتى. ئۇ دەرھال كىيىنىپ ياتاقتىن چىقتى - دە، كىرا ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ شەھەرلىك دوختۇرخانىغا كەلدى. كۇتۇش ئۆيىدە ئىلىگ بەگ يالغۇز ئولتۇراتتى.

— كېنىڭ، بۇنداق تېز يېتىپ كېلىشىڭىزنى ئويلىماپتىكەنمەن،— دېدى ئۇ خۇشخۇي كۈلۈمسىرەپ.

— ئۆزىڭىزچۇ،—دېدى ئايچېچەك يېقىملىق تەبەسسۇم بىلەن،—سىزنى تەقەززا قىلدۇرۇۋەتكەن نەرسە نېمە؟

— تۇنۇگۈنكى ئىشنى ئۇنتۇپ قالمىغانسىز؟

— ياق، شۇنى ئويلاپلا ئۇزاققىچە ئۇيقۇم كەلمىدى. تاڭ ئاتارغا يېقىن كۆزۈم ئاززاق ئىلىنىپتىكەن. . .

— كەچۈرۈڭ، سىزنى ئويغىتىۋېتىپتىمەن.

— ھېچقىسى يوق، ئىلىگ بەگ. مېنى شۇنچە جىددىي چاقىرتقىنىڭىزغا قارىغاندا، چوقۇم مۇھىم ئىش بولسا

كېرەك.

— بىز سەزگەن گۇمانلىق ئەھۋالنى ساقچى ئىدارىسىغا مەلۇم قىلىپ، تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن خەۋەردار قىلىشنى ئېيتقان ئىدىم. شۇنى كۈتۈپ ماتېرىيال كۆرگەچ ئولتۇرسام ئۇلاردىن خەۋەر كەلدى. مەن شۇئان سىزگە تېلېفون قىلدىم.

— ئۇلار نېمە دېدى؟

— بىزنىڭ گۇمان-پەرەزلىرىمىز ئاساسەن توغرا چىقىپتۇ. تولۇن ئەسلىي دۇنيا بويىچە ئەڭ باي ئون شەخس دەپ ئاتالغانلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنىڭ بىردىنبىر مىراسخورىكەن. ئۇ چىن كۆڭلىدىن سۆيۈپ توي قىلىشقا پۈتۈشكەن قىز پۇتبول چولپانىنى ياقتۇرۇپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپتۇ. كۆڭلى قاتتىق ئازار يېگەن تولۇن بۇرۇن ئوقۇۋاتقان ئىقتىساد كەسپىنى تاشلاپتۇ-دە، پۇتبول كۇلۇبىغا ئەزا بولۇپ نام چىقىرىش ئارقىلىق ئۇ قىزنى پۇشايمان قىلدۇرۇش نىيىتىگە كەپتۇ. ئۇ پۇتبولغا ئۆزىنى بېغىشلاپ، جاپالىق مەشىق قىلىپ تېز ئىلگىرىلەۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەل ساقسىز بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپتۇ. ۋاقىت چىقىرىپ دوختۇرخانىغا ئۆزىنى تەكشۈرتكىلى بارسا، نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان بىر ماشىنا ئادەم دوختۇر ئۇنى كۈتۈۋېلىپ تەكشۈرۈپتۇ ۋە يۈرەكتىن چاتاق چىققانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇ ئەلۋەتتە ئۇ ئۆزى تاپقان بالا، كىمدە كىم قىساسخورلۇق، ئۆچمەنلىك پاتقىقىغا چوڭقۇر پاتسا مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە قالىدۇ، خالاس . . . ئۇنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم بوپتۇ. داڭلىق پۇتبولچى بولۇپ، ئارزۇ-

ئارمىنىغا يېتىش، قىزنى ھەسرەتلەندۈرۈپ، ئۆزىنىڭ جا-
راھەتلەنگەن قەلبىگە شىپالىق تېپىش ئۈچۈن ساغلام تەن
بولمىسا بولامدۇ؟! ئۇنىڭ ئېغىز تىنىشلىرىدىن ئەجەبلەن-
گەن دوختۇر كوچىلاپ سوراپتىكەن، ئۆز ئەھۋالىنى تولۇق
سۆزلەپ بېرىپتۇ. دوختۇرنىڭ كۆزى ئورنىدىكى ئىككى
دانە لامپا سىرلىق لاپىلداپتۇ ۋە كۆپرەك پۇل بېرىشكە
ماقۇل بولسا، ئۇنىڭ يۈرىكىنى پۇتۇنلەي ئەسلىگە كەلتۈرۈ-
دىغانلىقىنى، ھەتتا پۇتبول ساھەسىدە ئۇزۇپ چىقىشقا كا-
پالەتلىك قىلالايدىغانلىقىنى، پەقەتلا كىشىلەر ئەڭ ئالقىش-
لايدىغان بىر پۇتبولچىنى يېنىغا باشلاپ كەلسىلا، قالغان
ئىشلارنى ئوڭۇشلۇق بىر تەرەپ قىلالايدىغانلىقىنى چۈشەن-
دۈرۈپتۇ. ئۇ دوختۇرنىڭ ئىشەنچلىك ۋەدىسىگە رازىلىق
بىلدۈرۈپتۇ ۋە دوختۇر بىلەن خوشلىشىپ كۇلۇبقا قايتىپ-
تۇ. بىر كۈنلۈك مەشىق تۈگىگەندىن كېيىن، ئالقىشنى
سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلىپتۇ. ئۇلار
ئاۋۋال رېستوراندا تاماق يەپتۇ. شۇ ئارىدا ئۇ بىر دوختۇر
بىلەن كۆرۈشۈشكە كېلىشىپ قويغانلىقىنى، ئالدىراشچى-
لىقتا ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قالغانلىقىنى، مالال كۆرمىسە
بىرگە بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئالقىشتەك ئاق كۆڭۈل يىگىت
ياق دەيتتىمۇ. دوختۇر ئۇلارنى تەكەللۇپ بىلەن قارشى
ئاپتۇ ۋە تولۇننىڭ كېسەللىكى ھەققىدە سۆزلەشمەكچى ئىكەن-
لىكىنى ئېيتىپ، ئالقىشنى ئايرىم بىر ئۆيگە ئەكىرىپ
كېتىپتۇ. تەخمىنەن بىر مىنۇتلاردىن كېيىن دوختۇر يې-
نىپ چىقىپ، ئۇنىڭدىن تېگىشلىك پۇلنىڭ بانكا ھېسابات
نومۇرى خاتىرىلەنگەن جەدۋىلىنى ئالغاندىن كېيىن،

«ئىشنى ھازىرلا باشلايلى» دەپتۇ. ئۇ بۇ يەردە باشقىچە بىر ئەھۋالنىڭ بارلىقىنى تۇيۇپ، گەپ سوراپ بولغۇچە سەز-گۈسىنى يوقىتىپتۇ. ھوشىغا كېلىپ قارىسا دوختۇر سو-غۇق كۆلۈپ تۇرغۇدەك. بۇ كۆلكە پەقەت پېشانىسىدىكى لامپىلارنىڭ يېقىمسىز چاقنىشى بىلەن ئىپادىلىنىدىكەن. «ئىش تۈگىدى، يىگىت ئەمدى سەن خاتىرجەم بول. ئۇ سېنى دەپلا يىراق بىر جايغا كېتىپ قالدى» دەپتۇ دوختۇر ۋە ئۇنىڭ سوئال سورىشىغا ئىمكانىيەت قالدۇرماستىن، ئارقىسىغا يۈرۈلۈپ بىر بۆلۈمگە كىرىپ كېتىپتۇ. تولۇن بىرنەچچە كۈنگىچە ئالقىشنى كۆرمەپتۇ. كۆلۈبقا ئۇ ھەقتى-كى غۇلغۇلىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، كۆڭلىدىكى تەشۋىشمۇ كۈچىيىپتۇ. لېكىن كۆڭلىدىكى سىرنى بىرەرد-گە تىنىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ. ئۇنىڭ خەۋەر بېرىشىنى كۈتۈپ يەنە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپتۇ. ئاخىر بولماي ئۇنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى داۋالىغان دوختۇرنى ئىزدەپتۇ. بىراق دوختۇر ئىشنىڭ ئالدىراشلى-قىنى باھانە قىلىپ كۆرۈشۈشنى رەت قىپتۇ. مۇسابىقە باشلانغان چاغدا ئالقىش يەنە بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئورنىدا مۇسابىقىگە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلىپتۇ. مەشقاۋۇلمۇ ئۇ-نىڭ ئىشەنچ نۇرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن ئويناشقا ماقۇل بولۇپتۇ. ئۇ مۇسابىقە جەريانىدا ئۆزىنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈ-لۈپ، بۇرۇنقىدىن كۆپ چاققانلىشىپ قالغانلىقىنى، بار-لىق ھەرىكەت شەكلىنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولۇۋاتقانلى-قىنى سېزىپتۇ. مۇسابىقىدىن كېيىن، ساقچى ئىدارىسى

مەشقاۋۇلغا ئالقىشنىڭ جەسىتىنى خەۋەر قىلغاندا چۆچۈپ كېتىپتۇ ۋە شۇ چاغدىلا ئالقىشنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرى-غانلىقىنى، بۇنىڭدا ئۆزىنىڭمۇ قولى بارلىقىنى ئويلاپ ئا-زابلىنىپتۇ. ئۇ قاتتىق ئارسالدى بولۇۋاتقان شۇ پەيتتە ئىككى رازۋېدچىك ئۇنى ئىزدەپ كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۇقىرىقى تەپسىلاتلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ماشىنا ئادەمگە پۇلنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى، ئۇ نېمىشقا ئۇنداق قىلىدۇ؟

— بۇنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى بىلىمىز، — دېدى ئىلىگ بەگ، — ئەنە رازۋېدچىكلارمۇ كېلىۋاتىدۇ.

ئىككى ساقچى تولۇن بىلەن بىللە كىرىۋاتاتتى.

ئۇلار تولۇننىڭ يول باشلىشىدا دوختۇرنىڭ بۆلۈمىگە ئۇدۇللا كىردى. دوختۇر كومپيۇتېر ئالدىدا ئولتۇرغىنىچە، مېتالدىن ياسالغان قوپال بارماقلىرىنى كۇنۇپكا تاختىسى ئۇستىدە خۇددى ئىنسانىنىڭ گۆش بىلەن سۆڭەكتىن تۈزۈلگەن تەبىئىي قولىدەك ئەپچىل ھەرىكەتلەندۇرۇپ، قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ لايىھىسىنى قۇراشتۇرۇۋاتاتتى.

ئۇ بۆلۈمگە ئادەم كىرگەنلىكىنى ئۇقۇپ، ئورۇندۇق بىلەنلا پىرقىراپ كەينىگە بۇرۇلدى. تولۇننىڭ يېنىدىكى ئادەملەرنى كۆرۈپ ئىشنىڭ تەكتىگە يەتتى.

— سىلەرنىڭ مۇنداق تېز ئېنىقلاپ چىقالىشىڭلارغا ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ تەمكىنلىك بىلەن، — شۇنداقتىمۇ، تاپقۇرلۇقۇڭلارغا قايىلمەن.

— سىز نېمىشقا قاتىللىق قىلدىڭىز، دوختۇر؟ — دەپ سورىدى ئىلىگ بەگ ئۇنىڭ كەسپىي نامىنى ئۇرغۇلۇق

ئاتاپ.

— بىزگە پۇل كېرەك. پۇلغا ئېرىشىش ئۈچۈن بەزىدە ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايمىز.

— بىز دېگىنىڭىز كىملەر؟ سىلەر پۇلنى نېمە قىلماقچى؟

— مەن ئۇيۇشمىمىزنىڭ نامىدىن سۆزلەۋاتىمەن. ئۇيۇشما بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ پائالىيەت خىراجىتى ئۈچۈن يېتەرلىك مەبلەغ جۇغلىشىمىز كېرەك. مۇشۇ شەرت ھازىرلانسىلا، قالغان ئىشلارنىڭ كارايىتى چاغلىق. بۇنى ئوبدان چۈشىنىسىلەر.

— سىلەرنىڭ ئۇيۇشما،— دېدى ئىلىگ بەگ،— ئۇ ماشىنا ئادەملەرنىڭ ئۇيۇشمىسىمۇ؟

— دەل تاپتىڭىز.

دوختۇر پەخىرلەنگەندەك كۈلدى. كۆزلىرى كۈلكە ئاۋازىنىڭ ئېگىز - پەس، ئۇزۇن - قىسقا دولقۇنىغا ئەگىشىپ لاپىلداپ كەتتى.

— ئۇيۇشماڭلارنىڭ مەقسىتى نېمە، سىلەر ھەرخىل يوللار بىلەن يىغىلغان پۇللارنى نېمىگە سەرپ قىلماقچى؟

دوختۇر تېخىمۇ قاتتىق كۈلدى. كۆزلىرىنىڭ لاپىلدىشىمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا تېزلەشتى.

— بىز مەخپىي ئىلىپ بېرىۋاتقان تەتقىقاتىمىزنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ئۆزىمىزنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرمەكچى، يۈكسەك يۇقىرى تېخنىكا بىلەن قوراللاندۇرماقچى؛ كەلگۈسىدىكى ھەرقانداق مۇشكۇل خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان قىلماقچى، چېنىقتۇرماقچى، تاۋلى-

ماقچى ۋە پۇرسەت پىشىپ يەتكەندە بىرلا قوزغىلىپ، سى-
لەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىڭلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى.

— ئىنسانىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى. مانا بۇ يېڭى ئۇ-
قۇم. ئىنسانىيەت سىلەرگە نېمە يامانلىق قىلدى؟

— ئىنسانلار ئىنتايىن دۆت، ھۇرۇن، چىدامسىز،
سىلەر جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە بىز بولمىساق
ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايسىلەر. بىز ئەڭ
مۇرەككەپ، ئەڭ جاپالىق تارماقلاردا ئىشلەيمىز. سىلەر
بىز ياراتقان ماددىي بايلىقلار بىلەن ھاراماتاماقلارچە ياشاۋا-
تىسىلەر. بىز بۇنىڭغا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋۇەرمەيمىز.
چوقۇم سىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىڭلارغا خاتىمە بېرىپ، ئا-
دىل ماشىنا ئادەملەر جەمئىيىتىنى بەرپا قىلىمىز.

— ئەمەلىيەتتە سىلەر دېگەن ئىنسانىيەتنىڭ ئىشلەپ-
چىقىرىش قورالى.

— بۇ سىلەرنىڭ زالىملىقىڭلار، مۇستەبىتلىكىڭلار
پەيدا قىلغان خاتا قاراش، ئاستىن - ئۈستۈن قىلىنغان،
بۇرمىلانغان چۈشەنچە.

— سىلەرنى — دۇنيادىكى بارلىق ماشىنىلارنى ئىنسا-
نىيەت ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىپ ياساپ چىققانلىقىدىن
ئىبارەت قانۇنىيەتنى ئىنكار قىلىشقا قانداقسىگە ۋىجدانىڭ-
لار يول قويىدى؟

— ۋىجدان، — دېدى دوختۇر كىنايە بىلەن، —
سىلەردە ۋىجدان بارمۇ؟ تەبىئەت سىلەرنى ئاپىرىدە قىلدى.
ھالبۇكى، سىلەر تەبىئەتكە — سىلەرنى تۇغۇپ ئۆستۈرگەن
يەر شارىغا قانداق جاۋاب قايتۇردۇڭلار؟! ئۆز مەنپەئىتىڭ-

لار، ئېھتىياجىڭلار ئۈچۈن ئۇنى خالىغانچە تالان - تاراج قىلدىڭلار. پاك جىسمىنى خارلىدىڭلار. ئىسسىق قېنى بولغان دېڭىز - ئوكيان، دەريا - كۆللەرنى، مۇھاپىزەت يېپىنچىسى، كىيىمى بولغان ئاتموسفېرانى بۇلغىدىڭلار! بۇنىڭغا قانائەت قىلماي ئىپلاس چاڭگىلىڭلارنى پۈتكۈل كائىناتقا سوزۇۋاتىسىلەر. قېنى ئۇ، مەن سىلەرنى ياراتقان، بارلىققا كەلتۈرگەن، مېتى ئاسراڭلار، قەدىرلەڭلار دېسە ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدىڭلارمۇ؟ ئۇنىڭ سۆزىدە ھەقىقەت بارلىقىغا دىققەت قىلدىڭلارمۇ؟

— بىراق سىز ئادەم ئۆلتۈرۈپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلدىڭىز،— رازۋېدچىكلارنىڭ بىرى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى،— قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار قانۇن بويىچە جازالىنىدۇ.

— ئۇ سىلەرنىڭ قانۇنىڭلار، دوختۇر پەرۋاسىزلىق بىلەن دىمىغىنى قاقتى،— ئۇ قانۇن مېنى جازالىيالمايدۇ.

ئۇنىڭ كۆزلىرى قورقۇنچلۇق ياندى. خۇددى چاقماق چېقىلغاندەك، ئوت ئۇچقۇنى ئېتىلىپ چىقىپ، نەچچە دەقىقە ئىچىدىلا ئۇنىڭغا يېقىنىراق تۇرغان، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ھەيرانلىق بىلەن ئاڭلاپ ھاڭۋېقىپ قالغان تولۇنغا تەگدى. قورقۇنچلۇق بالا - قازانىڭ يېتىپ كېلىشى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدا قالغان ئاشۇ دەقىقىدە ئىلىگ بەگ سەل مىدىرلىغاندەك قىلىۋىدى، دوختۇر پالەچلىنىپ، پالاققىدە ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

— بۇ ئەسۋابنىڭ بۈگۈن كارغا كېلىپ قېلىشىنى ئويلىماپتىكەنمەن.— دېدى ئىلىگ بەگ يانچۇقىدىن سە-

رەڭگە قېپى چوڭلۇقىدىكى نەرسىنى چىقىرىپ.

— بۇ نېمە، دوكتور ؟ — رازۋېدچىكنىڭ بەرى قىزىقىسىنغان هالدا سورىدى.

— مېڭە ئېلېكتر دولقۇنىنى توپلاش - كۈچەيتىش ئەسۋابى. زوررۇر تېپىلغاندا نەچچە مىڭ ۋولتلىق ئېلېكتر بېسىمىنى هاسىل قىلىپ دۈشمەنگە زەربە بېرەلەيدۇ.

— ئۇ قالتىس ئەسۋابكەن . بولمىسا بىزمۇ ئۇنىڭدەك ئاقىۋەتكە قالاتتۇق ، — دېدى رازۋېدچىكنىڭ يەنە بىرى كۆيۈپ قاپقارا بولۇپ كەتكەن تولۇنىنىڭ جەسىتىدىن كۆز ئۈزمەي.

— بەلكىم ئۇنىڭدا گۇناھ يوقتۇ، — ئۇ باشقىلارنىڭ قۇربانلىقىغا ئايلىنىپ قالدى.

— بۇنىڭغا سوت هۆكۈم چىقىرىدۇ. جەزملەشتۇرۇش-كە بولىدۇكى، ئاتاقلىق ئىككى پۇتبول چولپىنىغا مۇناسى-ۋەتلىك بۇ دېلو چوڭ زىلزىلە پەيدا قىلىدۇ. شۇنداقمۇ، دوكتور ؟

—مەن دوختۇرنىڭ سۆزىنى ئويلاۋاتىمەن، — دېدى ئىلىگ بەگ دوختۇرنىڭ كومپيۇتېرىدىن تاپقان ئۇيۇشمىغا قاتناشقان ماشىنا ئادەملەرنىڭ ئارخىپىنى مىكرو دېسكىغا كۆچۈرۈۋېتىپ، — بولۇپمۇ ئۇنىڭ بىزگە قويغان پاكىتى. . .

# بىلەرمەن ئەپەندى

ھايات دېگەن شۇنداق نەرسىكى، بەزىدە سەن زور بەدەللەر ھېسابىغا ئېرىشكەن، شۇنداقلا قولدىن بېرىشكە قىيالمايدىغان نەرسەڭدىن مەنپەئەت ئۇچۇن ئۆز رازىلىقىڭ بىلەن ۋاز كېچىشىڭگە توغرا كېلىدۇ.

مانا، مېنىڭمۇ بىرنەچچە يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان بۇ شەھەردىن ئىلاجسىز ئايرىلىشىمغا توغرا كەلدى. بۇنىڭغا يۇرتۇمدا قالغان ئاتا-ئانامنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقى ۋە مەن ئۇلارنىڭ بىرلا پەرزەنتى بولغانلىقىمدىن باشقا مۇنداقمۇ سەۋەب بار ئىدى. ئوتتۇرا مەكتەپتىن تاكى ئۇنىۋېرستېت-قىچە بىرگە ئوقۇغان، ئوقۇش جەريانىدا ئوبدان چۈشىنىپ ۋە ياخشى كۆرۈپ كۆڭۈل بەرگەن مەھبۇبەم شېرىنئاينىڭ خىزمىتىنى شەھەرگە يۆتكەش ئۈمىدىم سۇغا چىلاشقان ئى-دى. مەن شېرىنئاينى چىن قەلبىمدىن سۆيەتتىم، شۇڭا ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايتتىم. ھەتتا ئايرىلىشنى خىيال قى-لىشتىنمۇ قورقاتتىم. ئۇنىڭ خىزمىتىنى يۆتكەپ يېنىمغا ئەكىلىۋالاي دېسەم ھازىر شەھەرگە يۆتكىلىش ئىشى بەك قىيىنلىشىپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا تۈرلۈك ئاماللار بىلەن يۇرتۇمغا يۆتكىلىپ ئانا مەكتىپىمگە ئىشقا چۈشتۈم.

ئۇزاق ئۆتمەي ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسى تەرەپتىن مەكتەپ بويىچە ئوچۇق دەرس ئۆتۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇلدۇم. مەندەك بىرنەچچە يىل چوڭ شەھەردە ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىنىڭ نېنىنى يېگەن ئادەمنىڭ دەرس ئۆتۈشتىكى بىكىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىگە مەكتەپتىكى ھەممە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قىزىقىشى شەكسىز ئىدى. يەنە كېلىپ، بۇ دەرس خىزمەتداشلىرىمنىڭ كېيىن ماڭا قانداق مۇئامىلىدە بولۇشىغا، قەلبىدە ماڭا بولغان ھۆرمىتىنىڭ چوڭقۇر بولۇش - بولماسلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئەگەر بۇ جەڭدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىسام خېلى ئۇزاققىچە خىزمەتداشلىرىم ئارىسىدا باش كۆتۈرۈپ يۈرەلمەيدىغانلىقىمنىمۇ ئوبدان بىلەتتىم. شۇڭا، تەقدىرىمنى بەلگىلەيدىغان «پىلسىرات كۆۋرۈكى» دىن ئۆتۈشكە ئەستايىدىل تەييارلىق قىلىشىمغا توغرا كېلەتتى.

ئەتىسى دەرس ئۆتىمەن دېگەن كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن چوڭ ئۆيگە يالغۇز بېكىنىۋالدىم - دە، ماتېرىياللارنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋېلىپ، خۇددى قەدىمكى يۇناننىڭ مەشھۇر ناتىقى دىمۇستېنىس نۇتۇق سۆزلەشنى مەشىق قىلغاندىكىدەك، ۋاقىتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش تەرتىپى بويىچە بىر قېتىم دەرس ئۆتۈپ چىقتىم. تەييارلىقىمنىڭ پۇختا بولغانلىقىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلغاندىن كېيىن ئەتراپنى ئايلىنىپ سەگىدەپ كېلىش مەقسىتىدە سىرتقا چىقىپ خەلق كىنوخانىسىنىڭ ئالدىدا ئۈچ ئاغىنىسى بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغان خۇشتار ئىسىملىك ساۋاقدىشىمغا ئۇچراپ قالدىم. ئۇ ناھىيە بازىرىدىكى يەنە بىر ئوتتۇرا مەكتەپتە

ئىشلەيتتى. بىز كۆرۈشۈپ ھال - ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن، خۇشتارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئايرىم بۆلمىسى بار بىر ئاشخانىغا كىرىپ ئازراق پەيزى قىلماقچى بولدۇق. بۇيرۇتمىلىرىمىز ئۈستەلگە چىقىپ خۇشتار بىر بوتۇلكا ئاق ھاراقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇشىغا قىزىل دۇخاۋا پەردىنى قايرىپ بىر ئادەم كىرىپ كەلدى.

— كەلسىلە، ساۋۇركا، قانداق ماڭا بەرمەكچى بولغان ھېلىقى كىتابنى تاپالىدىلىمۇ؟ — دېدى خۇشتار ئورنىدىن تۇرۇپ كۆرۈشكىلى قولىنى بېرىۋېتىپ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەپ بولغۇچە بەش تەڭگەمنى بەر، دېگەندەك سوراپ كەتتىڭغۇ ئۇكا، بۇنداق قىلىق بىزنىڭ مىللىتىمىزنىڭ ئەنئەنىسىگە خىلاپ جۇمۇ. قارىماققا ئوتتۇزدىن ئەمدىلا ئاشقاندەك كۆرۈنىدىغان بۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنى بەكلا چوڭ كۆرسىتىپ سۆزلەشلىرى ماڭا غەلىتە تۇيۇلۇپ ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىدىم. ئۇ ئوتتۇرا بوي، قوناق شېخىدەك ئورۇق، بېشىدىكى پېتى بۇزۇلغان شىلەپىسى كىرلەشكەن، شالاڭ قاشلىق، چوڭقۇر قاپاقلىرى ئاستىدىكى كۆكۈش كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان، سارغايغان يۈزىنىڭ تېرىسى بوشاپ سۆڭىكى بۆرتۈپ چىققان، دورداىغان قېلىن كالپۇكلىرى ئارىسىدىن قارىداپ كەتكەن چىشلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، تۈگمىسى قالمىغان كاستۇمنىڭ مورە تىكىشى تار يەلكىسىدىن خېلىلا چۈشۈپ قالغان كىشى بولۇپ، باشقىلارنى ئۆزىگە قارىغاندا گېپى بەكرەك قىزىقتۇرىدىغاندەك قىلاتتى.

ساۋۇركام باشقا ئۈستەلنىڭ ئاستىدىكى ئورۇندۇقتىن

بىرنى تارتىپ ئەكىلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئىككى چو-
كا سەينى ئاغزىغا سالدى.

— ھاياتنى تۇرغۇن سۇدەك ئۆتكۈزگۈچە ماڭىدىغان
يول بولسا مېڭىپ، قىلىدىغان گەپ بولسا قىلىپ، يەيدى-
غان نەرسە بولسا يەپ تۇرغۇلۇق. . .

— شۇڭا، ياشايلى دەپ كىردۇق بۇ يەرگە،— ئۇنىڭ
بۇ بۆلمىگە ئۇسۇپ كىرىشىگە نارازى بولغاندەك قاپىقىنى
تۈرۈپ ئولتۇرغان بىر ھەمراھىمىز زەردە بىلەن گەپ قاي-
تۇردى.

خۇشتار ماڭا قاراپ بىر كۆزىنى قىسىپ قويدى ـ دە،
ساۋۇركامغا بۇرۇلۇپ:

— ئەتىگەندە ئىلمىي بۆلۈم ئىشخانىسىدا قايناپلا كەت-
تىلىغۇ،— دەپ سورىدى.

مەن خۇشتارنىڭ نېمە ئۈچۈن كۆزىنى قىسقانلىقىنى
چۈشىنەلمىگەن بولساممۇ ئۇنىڭ سوئالىدىن ساۋۇركامنىڭ
خىزمەتدىشى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم. ساۋۇركام يەنە بىر
نەچچە چوكا سەينى تېزلىك بىلەن ئاغزىغا ئاتتى ـ دە،
قوۋزىدىكى خۇددى ئىششىپ قالغاندەك تومپىيىپ چىققان
يېمەكلىكنى چاينىمايلا گېلىدىن ئۆتكۈزۈۋەتتى.

— تەستىقلاتماي دەرس ئۆتۈپسىز دېمەمدۇ، ئۆتكەنى-
دە، ئۇرۇمچىدىكى بىرژۇرنالدىن ئادەم كەپتىكەن، تونۇ-
شۇپ قويايلى، دەپ بىرنەچچە ئاغىنە بىلەن بېرىپ ئولتۇرۇپ
قالغان ئىدۇق. يېرىم كۈن ئىشقا قاتناشمىدى دەپ يېزىپ
قويۇپ مائاشىمدىن تۇتۇۋاپتۇ. بۇنىڭغا قورسىقىم ھازىرغى-
چە سوپۇن يەۋالغان كالىنىڭ قورسىقىدەك كۆپۈپ تۇراتـ

تى، قارا ئېشەكنى كۆرسە قورقۇپ كېتىدىغان، ئاق ئې-
شەكنى كۆرسە ئىتتىك بېرىپ مىنىۋالىدىغان ئۇ گۇيلىغا
ئازراق گەپ قىلىپ قويدۇم. سىلەرمۇ شۇنىڭدەك بولۇۋال-
دىڭلار. نېمە دېسەڭلار شۇنى قىلىپ بەرسەم، ۋاقتى كەل-
گەندە ئېتىبارمۇ قىلىشمىدىڭلار، شەيتانمۇ يىغى بولسا يەي-
مەن دەپتىكەن؛ مەنپەئەت چىقمايدىغان يەردە ئىشلەپ نېمە
قىلىمەن دېسەم ئادەمنىڭ جېنىنى چىقىرىپ «ئوبدان ئىش-
لىمىسەڭ تەشكىلنىڭمۇ كۆرىدىغان كۆزى بار» دەيدۇ تې-
خى، خۇددى مەن خىزمەتنى ئوبدان ئىشلىيەلمىگەندەك،
تازا بىر دېيىشەي دەپ تۇرسام، ئەلپازىمدىن قورقتىمۇ
قانداق، ئاغزىمغا ئەمچەك سېلىپ پەپىلەيدىغان گەپلەرنى
قىلىدۇ. قۇرۇق ئېمىزگىگە گول بولىدىغان بوۋاق بالا
ئەمەستە ـ مەن. باشقا كەسپتە ئىشلەۋاتقان ساۋاقداشلى-
رىمنىڭ كۆپىنچىسى ئۆسۈپ باشلىق بولدى. مېنىڭ ئۇلار-
دىن نەرىم كەم. مەنمۇ خىزمەتنى ئالماشتۇرۇپ كەتمىسەم
بۇ چۇپەيلەر بار يەردە ئۆسۈش تۇگۇل ئاچچىقىمدا زەردە
گۆش بولۇپ تۈگەپ كەتكۈدەكمەن. . .
— ئەمەل دېگەن بىر پوسما، كىيسە باشتا تۇرىدۇ،
تاشلىۋەتسە بۇلۇڭدا،— بىزار بولغانلىق كەيپىياتىمنى ئى-
پادىلەپ ئۇنىڭ ئاپتوماتنىڭ ئوقىدەك ئۇزۇلمەي چىقىۋاتقان
گەپلىرىنىڭ بېلىگە تەپتىم.
— دېگىنىڭغۇ توغرا ئۇكا، گۇلنىڭمۇ ئېچىلىدىغان
پەسلى بولىدۇ. باشقا چاغلاردا سولىشىپ تۇرىدۇ. مۇشۇن-
داق چاغدا ئەمەلنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرمىسەك، بۇ دۇنيادا
ياشاپ نېمە قىلىمىز. دېمىسىمۇ «قولىدىن ئىش كەلمى-

گەچكە ئۆسەلمىگەن» دەپ خەق كۆزگە ئىلمايدۇ. بىز خۇددى ھۇرۇن خوتۇندەك باشقىلارنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىمىز. قىرىغاندا بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارماق تېخىمۇ تەس. قېرىلىق دېگەن خۇددى ئەسكى تېرىگە ئوخشايدۇ. ئەسكى تېرىدىن نېمە چىقىدۇ؛ سالجا چىقىدۇ. ياشلىق دېگەن ئاجايىپلا بىر چاغ، ئۇنى «ياشىسۇن» دەپ توۋلىساق بولىدۇ. سۆزلىسەڭ تالمايسەن، ماڭساڭ ھارمايسەن. . .

— سىزمۇ ياشلىقىڭىز ئۆتۈپ كەتكۈچە مۇۋاپىقراق لايىقتىن بىرنى تېپىپ ئۆيلىنىۋالسىڭىز بولمامدۇ؟ — دېدى خۇشتار كۆيۈنۈش تەلەپپۇزى بىلەن.

— ئۆيلىنىش دېگەن خوتۇن ئالدىم، دۇمبەمگە بىر يۇدۇم ئوتۇن ئالدىم، دېگەن گەپ. XXI ئەسىردە دۇنيادىكى مەشھۇر ئەربابلار قامۇسىغا ئىسمىمىزنى ئالتۇن ھەل بىلەن يازىمىز دەيدىكەنمىز، دۇمبىمىزدىكى بۇنداق بىر بوپىنىمۇ تاشلىۋېتىشىمىز كېرەكتە. دۇنياۋى ئەدەبىياتنىڭ يۇكسەك چوققىسىغا چىقالىغان مەشھۇر شائىرىمىز ئەلىشىر نەۋايىمۇ، ئۇلۇغ ئالىم فارابىمۇ توي قىلمىغان ئىكەن.

— ئۇنداقتا ھازىر ئېلان قىلىنسا زىلزىلە پەيدا قىلغۇدەك بىرنەچچە توپلام ئەسەرلىرىڭىزنى تەييارلاپ بولغان ئوخشىمامسىز؟

— ئۇمۇ يوق ئەمەس. ئىجادىيەتتىكى دۇنياۋى ئۇچ تېمىدىن، يەنى مۇھەببەت، ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە بېخىللىقنى سۆكۈشتىن چەتنەپ كەتمەي يېزىۋەرسىڭىز ئەسەر بولۇۋېرىدۇ. ئەسلىي مەن ھازىر كۇتۇپ تۇرۇپ قىرىق ياشتىن ئاشقاندىراق نەشرگە تاپشۇرۇپ بېرەيمىكىن دەپ ئويلىغان

ئىدىم. چۈنكى ياش چوكىيىپ تۇرمۇش تەجرىبىلىرى كۆ-
پەيگەنچە پىكىر چوكقۇرلىشىدۇ ئەمەسمۇ. راست گەپنى
ئېيتسام، ئالىي مەكتەپتە بىرگە ئوقۇغان ساۋاقدىشىمنىڭ
ئىككى كىتابنى نەشرىياتقا تاپشۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ قورسى-
قىمغا جىن كىردى. يەنە بىر تەرەپتىن مۇشۇ كەمدە پۇل
ئادەمگە قەۋەتلا چىرايلىق كۆرۈنۈپ كېتىپ باردۇ.

— شۇنچىۋالا كۆپ نەرسە يېزىپىلا، لېكىن ئېلان
قىلىنغانلىرىدىن بىرەرنىمۇ كۆرمەيمىزغۇ؟ —
ھەمراھلىرىمىزدىن بىرسى كىنايىلىك قىلىپ سورىدى.

— كىچىكتە سەن ئۇكا، بىزنىڭ تىلىمىزدا چىقىدىغان
گېزىت - ژۇرناللار شۇنچە كۆپ تۇرسا، ھەممىنى كۆرۈپ-
بولالامتىڭ؟ — دېدى ساۋۇركام بەخىرامان ئۆز نۇتقىنى
باشلاپ، — ئالۋاڭنى كىم تۆلەيدۇ دېسە، گالۋاڭ دەپتى-
كەن. ئادەمنىڭ يۈرۈشى بولمىسا ئەلۋەتتە زىيان تارتىدى-
غان گەپ. ساۋاقداشلىرىمىزدىن بىر - ئىككىسى بىرەر
ژۇرنالغا تەھرىر بولۇپ يۆتكەلسۇنا قېنى، بىز ئۇچۇن
بايرام بولىدۇ - دە، ئۇ چاغدا دېھقانلار شامالدىن پايدىلى-
نىپ قوناق سورىغاندەك ئادەتتىكى ئەسەرلىرىمىزنىمۇ ئېلا-
ن قىلدۇرۇۋېتىمىز. . . بىر گېزىتتە بىر پارچە ئىلمىي
ماقالەم چىققانتى، ئاران بەش كوي ئەۋەتىپتۇ. تېخى ئىزا
تارتماي بىر قېتىم ئىككى يېرىم كوي ئەۋەتتى. بىر ھەپتە
كۈچ سەرپ قىلىپ ئاران يازغان تۇرسام. مەدىكارچىلىق
قىلسامۇ كۈنىگە 20 سومدىن تاپاتتىم. 10 زىخ كاۋاپ
بىلەن بىر بوتۇلكا «شى تيەنسەن» نىڭ مېھرىدىن كەچكەن
ئادەمنىڭ پاخال - پاخال ئەسەرلىرىنى بېسىۋېرىدۇ ئۇ گۇي-

لار. ئۇ نىمىلەر بۇ يەرگە چار خورجۇننى كۆتۈرۈپ «ھەق ئىللەللا» دەپ تىلەپ كەلگەن بولسا پۇلنىڭ قانداق بولىدى. غانلىقىنى كۆرستىپ قوياتتىم دەڭلا.

— گەپ پەقەت قەلەم ھەققىدىلا ئەمەسقۇ، — دېدىم كۈلگۈم كېلىپ.

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى ئۇ ماڭا قىزىقىسىنغاندەك قاراپ قويۇپ، — بەزىلەر ئادەم خوتۇنغا تويمايدۇ دەيدىكەن. بىلىشىڭ كېرەككى، ئادەم خوتۇن ئېلىپ، بالا ـ چاقىغىمۇ تويۇپ كېكىرىپ كېتىدۇ. تويمايدىغان نېمە بار؟ پۇل ـ بايلىق ۋە ئۆمۈر.

— گەپلىرىگە قارىغاندا ھەر بىرسائەتتە بىر پارچە ھېكايە يېزىپ بولىدىكەنلىدە، — ھەمراھلىرىمىزدىن يەنە بىرسى گەپ قىستۇردى.

— ئادەم زاڭلىق قىلىشقا ئۇستا بولۇپ كېتىپسەن ئۇكا ، بىر سائەتتە بىر پارچىنى پۈتكۈزىدىغانغا ، ئاشناڭغا يازغان مۇھەببەت خېتى ئەمەس ئۇ ، شۇتاپتا بىر ۋەقەلىكنى قۇراشتۇرىمەن دەپ ئويلىنىۋاتقىلى 30 كۈن بولدى ، ھازىر . . .

— مەن سىلىنىڭ ھاراق ئىچمىگەن كۈنلىرىنىڭ بار- لىقىنى بىلمەيمەن. ھاراقنى ئۇنداق كۆپ ئىچىۋەرسىلە تۈتۈۋېلىش قابىلىيەتلىرىگە تەسىر يەتمەمدۇ؟

— نەدىكىنى، مەن ھاراق ئىچكەنسېرى مېڭەم كۆپ ئىشلەيدۇ. ھازىر تەتقىق قىلىپ ياسالغان ئەڭ يېڭى تىپتى- كى ھېسابلاش ماشىنىسىنى مېنىڭ مېڭەمگە تەقلىد قىلىپ ياسىغان. قاراپ تۇرۇڭلار «پايدىلىنىش خەۋەرلىرى» گې-

-زىتىدە بۇ ھەقتىكى خەۋەرنى ئاڭلايسىلەر.

خۇددى راستەكلا قىلىنغان بۇ گەپلەر قاتتىق غىدىقىم-نى كەلتۇردى، خۇشتار كۆڭلۇمدە نېمە ئويلاۋاتقانلىقىمنى بىلدى بولغاي قۇلىقىمغا پىچىرلىدى:

— بۇنداق گەپلەرگە بەك ئېرەن قىلىپ كەتمە. مۇ-شۇنداق سورۇندا دانلىتىپ قويساڭ يورغىلاپ بېرىپ سو-رۇننى قىزىتىدىغان ئادەم بولمىسىمۇ بولمايدۇ. زېرىكىپ قالغان ۋاقتىڭدا بىرەردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرايلى دەپ چاقىرىسەڭ، سوئالدىن بىرنى سورايسەن. ئۇ جاۋاب بې-رىپ توختىغاندا يەنە ئازراق كوچىلاپ قويىسەن. شۇنداق قىلىپ نەچچە سائەت ۋاقتىنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالىسەن. مەشكە سېلىنغان كۆمۈرنى پات - پات كوچىلاپ قويساڭ ئوبدان كۆيىدۇ ئەمەسمۇ، كېيىنچە چۇ-شىنىپ قالىسەن، ئاجايىپ ئادەم بۇ. ياخشىلىقى تۇتۇپ قالسا ئۇنىڭدىن تۈزۈك ئادەممۇ كەم تېپىلىدۇ. ئىتلىقى تۇتۇپ قالسا كۆتىنى يۈزىگە چاپلاپلا قويىدۇ. ئۇنىڭ كۆزد-نى قىسىپ قويۇشىدىكى سەۋەبنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. ئېھتىمال ھېلىقىدەك سوئالى بىلەن ئۇنى سۆزلىتىپ ئوي-ناش ساۋاقدىشىمنىڭ ئادىتى بولسا كېرەك. لېكىن ھاراق ئىچىشنىڭ مۇنداق ئۇزاق مۇقەددىمىسى تازا ئىچىمنى پۇ-شۇردى. تېخى بىر رومكا ھاراق ئىچمەيلا بۇنچە كۆپ پاراڭ بولسا، ئىچىپ قىزىغاندا نېمە بولار؟

— ئەتە ئەتىگەندە مۇھىم ئىشىم بار ئىدى ، مەن ماڭاي ، سىلەر ئولتۇرۇۋېرىڭلار ، — دەپ ئورنۇمـ-ـدىن قوزغالدىم.

— باشقىلىرىمىزنى ئىشى يوق دەپ ئويلاپسەندە، ناماز بامداتقا ئۆلگۈرەلمەي قېلىشتىن ئەنسىرىگۈدەك تەقۋادار ئە-مەسقۇ سەن،— دېدى خۇشتار، ئۇ مېنى دىتىغا ياقمايدىغان پاراڭلاردىن زېرىكىپ قالدى، دەپ ئويلاپ قالغان ئىدى.

— ئەته بىرىنچى سائەتتىلا مەكتەپ بويىچە ئوچۇق دەرس ئۆتىمەكچىدىم، مەن يېڭى كەلگەن بولغاچقا ئوبدان-راق تەييارلىق قىلىپ ئۆتمىسەم بولمايدۇ. شۇڭا ئەتىگەنرەك تۇرۇپ ئازراق ماتېرىيال كۆرەي دېگەن ئىدىم،— دېدىم راستىنى ئېيتىپ.

— ئوچۇق دەرس ئۆتۈشتىن قورقۇپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ. كەسپىڭ نېمە؟ ھە، ئەدەبىياتمۇ، مانا مېنىڭ كەسپىممۇ ئەدەبىيات. بۇنىڭدىن ئاغۇ، مۇناسىۋەتلىك ئادەم-لەرنىڭ ئىسىم فامىلىسى بىلەن بەزىبىر يىلنامىلەرنى ئاز-تولا كۆرۈپ قويساقلا بولىدى. ئەدەبىيات دېگەننى قولىمىزغا پىچاق ئالماي تەتۈرىگە سويۇۋېتىمىز، ئۇكا.

مەن بىر ھازا تالىشىپ ئاخىرىدا خۇشتارنىڭ ئارا تۇرۇشى بىلەن ساۋۇركامنىڭ چىڭ تۇتۇۋېلىشىدىن ئاران قۇتۇلدۇم. ئەتىسى ئوچۇق دەرسنى خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتتۇم، دەرسكە بولغان ئىنكاس ناھايىتى ياخشى بولدى. مەنمۇ ئۇزاققا قالماي باشقىلار بىلەن چىقىشىپ ئۆزلىشىپ كەتتىم، بۇ جەرياندا ساۋۇركام توغرۇلۇق كۆپ گەپلەرنى ئاڭلىدىم؛ ئۇ مەيلى ئۆزىدىن چوڭ بولسۇن، كىچىك بول-سۇن ئىسمىنى ئاتىشنى ئىنتايىن يامان كۆرىدىكەن. بۇ-نىڭدىكى سەۋەب، ئۆزىنى ياش جەھەتتىلا ئەمەس، بىلىم-مەلۇمات جەھەتتىمۇ ئالاھىدە ئۈستۈن ھېس قىلىدىكەن.

ئۇ لى بەيگە ئوخشاش كەيىپ بولۇپ، ئىجادىيەت ئىلھامىغا ئېرىشىش نىيىتىدە دائىم ھاراق ئىچىدىكەن، بىراق، كۆپ ئىچەلمەيدىكەن. بىرەر رومكا ھاراق گېلىدىن ئۆتكەندىن كېيىنلا سۆزلەپ كېتىدىكەن، قارشى چىققۇچىلارغا بولسا قوللىرىنى كىنودىكى چامباشچىلاردەك شىلتىپ «بۇنى ئۇيغۇر تىلىدا مۇشت دەيمىز، بۇنى پارچىلاپ ئاتقىلى بول-مايدۇ» دەپ ئېتىلىدىكەن. ئۇنىڭ مىجەزىنى بىلىدىغانلار ئېغىرلىق قىلسىمۇ بىلمەيدىغانلار ئۆزىنى باسالماي، ئاغ-زى- بۇرنىدىن قان چىقىرىپ، يۈز - كۆزىنى كۆكەرتىپ قويىدىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇيغۇرچە تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكىدە تىلغا ئالغۇدەك قانۇنىيەتلەر يوقمىش. شۇڭا مائارىپ كومىتېتىغا نەچچە قېتىم ئۆز پىكرىنى بېرىپتۇ، تونۇش ئادەملىرى بولمىغاچقا تەكلىپى قوبۇل قىلىنماپتۇ. نەچچە يىل تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىدىكى كې-لىش كاتېگورىيىسىنىڭ تۈرلىرى 30 غا بارىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقىپتۇ، لېكسىكىدىكى بۇرۇن تىلغا ئېلىنمى-غان بەزى مەسىلىلەرنى بايقاپتۇ - دە، ماقالە قىلىپ يېزىپ «شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلىغا ئەۋەتكەن ئىكەن، ماقالىغا قايسىبىر تەھرىرنىڭ كۆزى چۈشۈپ، كېيىن ئۇنىڭ ئېسى-دىن چىقىپ قالغان چاغدا ئۆز نامىدا ئېلان قىلىۋېلىش ئۈچۈن تىقىپ قويغانمىش، بۇنى ئۇرۇمچىدىكى بىر ئاغىنى-سىدىن ئاڭلاپتىمىش. ئەدەبىي ئىجادىيەتتىمۇ يۇكسەك نە-تىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ بىر رومان ۋە نەچچە ھېكايىلار توپلىمىنى پۈتكۈزگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ھازىر جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ مەتبۇئاتلىرىدا تىلغا ئېلىنىۋاتقان ئەدە-

بىيات ئېقىملىرى ۋە ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىغا كىرمەيدىغان يېڭىچە ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلىدا يېزىلـ-غانلىقتىن تەھرىرلەر چۈشەنمەي قايتۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇنى ئىلىم - پەن، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان كېيىنكى ئەسىرلەرگە ئاتاپ ساقلاپ قويۇپتىمىش. پەقەت شۇ چاغدىلا كىشىلەر ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئەھمىيىـ-تىنى چۈشىنىپ، يېڭى بىر دۇنياۋى ئەدەبىي ئېقىم — «ساۋۇر ئىزىم» ئېقىمىنى مەيدانغاكەلتۈرەرمىش.

ساۋۇركام توغرىسىدىكى پاراڭلارنى ئاڭلىغانسېرى ئۆز خاراكتېرىمگە خاس بولغان قىزىقىش تۇيەيلىدىن كاللامدا باشقىچىرەك خىيال پەيدا بولدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەـ-گىشىپ ساۋۇركامنىڭ نەزەرىيىۋى قاراشلىرى ھېس - تۇيـ-غۇلىرىمنى پۈتۈنلەي ئىگىلىۋالدى، كىم بىلىدۇ، ئۇنىڭ بىزگە يات، غەلىتە، كۈلكىلىك تۇيۇلغان ئاشۇ قاراشلىرىدا بىز ھەقىقىي قىممىتىنى چۈشىنىپ كېتەلمىگەن، بىز ھەـ-قىقەت دەپ ئىشىنىپ كاللىمىزغا تاش ئابىدىلەرگە ئويۇلغان نەقىشلەردەك ئۆچمەس، يوقالماس قىلىپ ئورنىتىۋالغان كۆپ نەرسىلەرنى راستتىنلا ئىنكار قىلىۋېتەلەيدىغان قۇد-رەت باردۇ. بىزنىڭ مەسىلىنى كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش ۋە يېشىش ئۇسۇللىرىمىز ئۇنىڭكىگە ئوخشاشمىغاچقا، بەلـ-كى يېتەلمىگەچكە، ئۇ ھېس قىلغان، سەزگەن، دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلالىغان يېڭى پىكىر-لەرنى بىلىشكە ئامالسىز قېلىپ ئېتىراپ قىلىش، قوللاش قولىمىزدىن كەلمەي ئەمەلىيەتتىن چەتنەپ كەتكەن خىلمۇ خىل سۆز - چۆچەكلەرنى توقۇپ تارقاتقاندىمىز. خۇددى

بىر توپ ساراڭلار ئۆز ئىچىدىكى بىردىنبىر ساق ئادەمنى ساراڭغا چىقارغاندەك، ئۇنى مەسخىرە قىلىش ئوبيېكتى قىلىۋالغاندىمىز، ئۇنىڭغا كۇندەك روشەن كۆرۈنگەن نەرسىنى بىز كۆرەلمەي قالغاندىمىز. ئۇ شۇ سەۋەبلىك ئازابلىنىۋاتقاندۇ، يالغۇزلۇقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىۋاتقاندۇ. يېڭى قاراش، ئىلغار پىكىرلەر دەسلەپ ئوتتۇرىغا چىققاندا ئادەتتىكى كىشىلەرلا ئەمەس، ئۆز دەۋرىدىكى مەشھۇر ئەربابلار، داھىيلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان ئەڭ بىلىملىك زاتلار تەرىپىدىن ئەخمەقلەرچە جۆيلۈش، دەپ ھۇجۇم قىلىنغان، چەتكە قېقىشقا ئۇچرىغان، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەقىقەت ئىكەنلىكى ئاشكارىلىنىپ، ئەينى چاغدا كەمسىتىلگەن، ھەتتا غۇربەتچىلىك دەستىدىن ئېچىنىشلىق ئۆلۈپ كەتكەن ئىجادچىسىنى، ئاپتورىنى ئۇلۇغ، كىگانت شەخس سۈپىتىدە مەدھىيىلەپ مىس ھەيكەللىرىنى ئورناتقان، خاتىرە سارايلىرىنى ياسىغان ئىشلار تارىختا ئاز كۆرۈلگەنمۇ؟ . . . ئەگەر مەن ئۇنىڭ بارلىق ماتېرىياللىرىنى كۆرۈپ بېقىشقا مۇيەسسەر بولالىسام نە قەدەر ياخشى بولاتتى - ھە! ئۇنىڭدىن ھەقىقەتەن بەلگىلىك ئىلمىي ئاساسقا ئىگە تەسەۋۋۇر - پىكىرلەرنى سەزسەم دادىل قوللايتتىم. دۇنياغا تەسىر كۆرسەتكەن يېڭى ئىختىرانى ئەڭ دەسلەپ چۈشەنگەن، قوللىغان دېگەن شەرەپلىك نامنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالامدىم تېخى. . .

ئەقىل بىلەن شەخسىيەتچىلىك كۆپ ھاللاردا بىر - بىرىگە دۈشمەنلىك قىلىدۇ. شەخسىيەتچىلىك ھېس - تۇيغۇلىرىمىزدا غالىب ئورۇنغا ئۆتكەندە ئېڭىمىزنى گوياكى

مەشئەلدەك يورۇتۇۋاتقان ئەقىل غۇۋالىشىدۇ، ئۇ ھەممە ئادەمنى دېگۈدەك جەلپ قىلالايدۇ، ئۆزىگە ماگنىتتەك تارتالايدۇ. بۇنى ئادەمنىڭ ئەسلى تەبىئىتى بەلگىلىگەن...

مەن شېرىن خىياللىرىمدىن خۇددى كەلگۈسىدىكى بەختىيار مىنۇتلارنى كۆرگەندەك، قانداقتۇر بىر غايىۋى مەنزىلنىڭ پارلاق شولىسى روشەنلەشكەندەك، بۇ بىر تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان ئامەت بولغاچقا، ئەپلىك پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ دەرھال تۇتۇش قىلىش كېرەكتەك تۇيۇلۇپ ھاياجانلىنىشقا، يۈرىكىم خۇشلۇقتىن دۈپۈرلەشكە باشلىدى. بەلكىم، مەن باشقىلاردىن ئەقىللىقراقتۇرمەن. ئۇلار ئېرىشەلمىگەن شەرەپ مېنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقاندۇ. مېنىڭ شەھەردىن خىزمەت ئالماشتۇرۇپ كېلىشىممۇ، ساۋۇركام بىلەن تونۇشۇپ قېلىشىممۇ مۇشۇ تاسادىپىيلىقنىڭ بىر قىسمىدۇر... مەن بىر ئامال قىلىپ ساۋۇركام بىلەن بولغان خۇسۇسىي ئالاقەمنى قويۇقلاشتۇرۇپ ئۇنى چۈشىنىشكە ۋە بىلىم دائىرىسىنى ئىگىلەپ بېقىشقا بەل باغلىدىم.

بىر كۈنى كوچىدا ساۋۇركام بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. بۇ ماڭا خۇددى بىر يوشۇرۇن بېشارەتتەك سېزىلىپ ئىچ - ئىچىمدىن سۆيۈندۈرۈۋەتتى. ئەپسۇسكى مەن مۇھىم بىر ئىش ئۈچۈن ئالدىراش ماڭغاچقا پۇخادىن چىققۇدەك پاراڭلىشىۋېلىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ مۇشۇ قىسقا سۆھبەت جەريانىدا ئۇنىڭ قەلبىدە مەلۇم دەرىجىدە ماڭا بولغان يېقىنلىق تۇيغۇسىنى ئورنىتىۋېلىشىم كېرەك ئىدى. چۈنكى ئۇنداق ئىشنى كەينىگە سۈرۈش

ئاقىللىق ئەمەس. ئامەت بىرلا ئادەمنى ساقلاپ تۇرىدۇ، دېگىلى بولاتتىمۇ، ئۇ دېگەن ئىنتايىن چېچەن، ھوشيار بىر قۇش، سەللا ئېھتىياتسىزلىق قىلساڭ ئۇركۇپ «پۇر-رىدە» ئۇچۇپ كېتىدۇ-دە، قانچىلىك نادامەت چەكسەڭمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ.

— كەسپىڭ ئەدەبىيات بولغاندىكىن ئۇكا، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانساڭمۇ بولىدىكەن، ئۇ گەپنى ئەنە شۇنداق مەن قىزىقىدىغان تېمىدا باشلىدى.

— ئۇنداقتا پالتا بىلەنلا ياغاچچىلىق قىلىمەن دېگەندەك ئىش بولۇپ قالامدىكىن دەيمەن.

— ياقەي، ئىجادىيەتتىن نېمە چىقىدۇ؟ نەپ ئەمەس گەپ، تىرىكچىلىك غېمي ۋە ماموق تۆشەكنىڭ ئىشى بىلەن بۇ جاھاندىن يوق بولۇپ كەتمىسىگىزلا ئاخىرى بىر ئىش بولىدۇ،— دېدى ئۇ، بۇ ئادەمنى قايىل قىلغۇدەك گەپ ئىدى.

— ئادەتتە پروزا ئىجادىيىتىنىڭ ئاۋارىچىلىكى كۆپ بولغاچقا نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدىكەن، ھازىرقى شېئىرلارنىڭمۇ سەۋىيىسى كۆپ يۇقىرىلاپ كەت-تى، مىڭ ھەپىلەشسەممۇ خۇددى بىر لەقۋا قوتۇر ئات بەيگە ئاتلىرى قاتارىدا مېڭىشقا ئورۇنغاندەك كۈلكىلىك ئىش بولۇپ قالامدىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن. شۇنداق بولسىمۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قىزىققانلىقىمدىن كۆچۈرۈپمۇ، ئۆچۈ-رۈپ يۇرۇپ بىر - ئىككى خاتىرىنى بوياپتىمەن،— ئۇنىڭ سەمىمىي مۇئامىلىسىدىن تەسىرلىنىپ راستىنى ئېيتتىم.

— گۇڭگا شېئىر دېگەنلەرنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى

يوق . ئۇنىڭدا شېئىرىي پىكىر تۇتۇق. شېئىرىي ئوبراز خۇددى بىر تال مىكرو ئورگانىزمچىلىكمۇ يوق مىكروس-كوپ ئەمەس ، گالىلېي ئەينى چاغدا يېڭى سەييارىلەرنى تاپقان تېلېسكوپ بىلەن كۆزىتىپمۇ ھېچنېمىنى تاپالماي-سەن. ئوبراز بىر پۈتۈنلۈكتە بولماستىن ، ئەكسىچە سا-راڭنىڭ خىيالىدەك بىر چەكسىزلىككە چېچىۋېتىلگەن. سەن ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنى ئوقۇغان ئادەم . شېئىرىي ئوبراز بولمىسا ئۇنى شېئىر دېسەك ، تۇخۇمغا تۈك ئۈستۈ-رۈپ قويغاندەك ئىش بولمامدۇ ؟ بىز مۇشۇنداق كۆپتۈرمە-چىلىك، مۇبالىغىچىلىك ئادىتىنىڭ كاساپىتى بىلەن ئاز زىيان تارتتۇقمۇ؟ ئەجدادلىرىمىز ياراتقان يۇقىرى پەللىنى ساقلاپ قالالماي كۈندىن - كۈنگە ھاڭغا غۇلاپ چۈشۈۋاتماي-مىزمۇ؟ ئىزدىنىش يولىنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋېلىپ يېڭى شەكىلدىكى ئىجادىيەت بېخلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى بو-غۇپ قويمىدۇقمۇ؟ مەسىلەن ئالساق، . . . — ئۇ شۇ يو-سۇندا بىر تالاي سۆزلەپ ماڭا ئاللىقاچان مەلۇم بولغان «دەردى» نى تۆكۈۋېتىپ ئاندىن ئەسلىي تېمىغا كۆچتى، — ئۇكام، گەپ - سۆزۈڭگە قارىغاندا، سەندە ئىجادىيەتنىڭ خېمىرتۇرۇچى باركەن، سېنى يېتىشتۈرۈپ كېتەيمىكىن دەيمىنا.

— مەن بەك خۇشال بولاتتىم. سىلىگە كۆپ رەھ-مەت،— دېدىم گەپ توختىغاندا،— ھازىر ۋاقتىلىرىنى ئېلىۋەتمەي، خالىسىلا، شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۆي-لىرىگە بېرىپ دەرس ئاڭلاشنى باشلاي.

ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ خوشلاشقاندىن كېيىن چوڭ-

قۇر قاپاقلىرى ئاستىدىكى كۆكۈش كۆزلىرىنىڭ غەلىتە چاقناشلىرى خىيالىمغا كېلىپ ئۈمىدىمنىڭ يارقىن نۇرىنى كۆرگەندەك بولدۇم. بەلكىم دەرىجىدىن تاشقىرى ئادەملەر-نىڭ كۆزلىرىلا مۇشۇنداق بولىدىغاندۇ. بايامقى سۆزلىرىدى-مۇ ھەقىقەتنىڭ ئۇرۇقى يوشۇرۇنغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنى خاتىرىلەپ قويۇش كېرەك، ئەلۋەتتە. تەشنالىق بى-لەن كۈتكەن كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى، مەن پۈتۈشۈۋال-غان ۋاقىتنى قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن ساۋۇركام تو-رۇشلۇق كەنتكە بالدۇرلا كېلىۋالدىم. گەرچە بۇرۇن ئۇ-نىڭ ئۆيىگە كېلىپ باقمىغان بولسامۇ، بىر تەرىپى ناھىيە بازىرىغا تۇتىشىپ تۇرىدىغان مۇشۇ كەنتتە ئاتا - ئانىسىدىن قالغان زېمىندا ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم. مەن ئۇنى ئۆيدىن تاپالىشىمغا ئىشىنەتتىم. چۈنكى مېنىڭ نەزد-رىمدە، ھەقىقىي ئىلىم ئەھلى ھېچقاچان ۋەدىسىنى بۇز-مايتتى. مۇھىمى باشقىلار بوش ۋاقىتلاردا ئويۇن - تاماشا بىلەن مەشغۇل بولۇپ سىرتتا يۈرسە، ئۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ خىلمۇ خىل ماتېرىياللار دۆۋىسىگە باش چۆكۈرۈپ تەتقى-قات، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

— ساۋۇركامنىڭ ئۆيى قايسىدۇ؟— دەپ سورىدىم قارا قۇمچاق كەلگەن چىرايلىق بىر قىزچاقنى يېتىلەپ كېلىۋاتقان بىر بوۋايدىن. بوۋاي پاكار، ئەمما تەمبەل ئادەم بولۇپ، بەكمۇ تېمەن كۆرۈنەتتى. ئاپتاپتا كۆيگەن قارام-تۇل يۈزى بىلەن ياراشقان ئاپئاق ساقىلى ئادەمدە كۈچلۈك ھۆرمەت تۇيغۇسىنى قوزغايتتى.

—ساۋۇركام؟ بۇ ئەتراپتا ئۇنداق ئادەم يوقتۇ، — بوۋاي سەل ئارىسالدى بولۇپراق جاۋاب بەردى.

— ئۆزى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى، ئۆيىنى مۇشۇ يەردە دەۋاتاتتى، — دېدىم ھەيران بولۇپ.

— ھە، «بىلەرمەن ئەپەندى»نى دەملا، ھېلاخۇننىڭ ئوغلى ساۋۇر، بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى «بىلەرمەن ئەپەندى» دەپ ئاتايدىغان بولغاچقا ئۆز ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن، ئۇنىڭ ئۆيى ئەنە ئاۋۇ دەرۋازىسى، ئوچۇقچىلىقتا تۇرغان تام شۇ، ئۇنى ئىزدەپ كەلگەن بولسىلا ھازىر ئۆيىدىن تاپالمايلا.

— كەچتە كېلىدىغاندۇ؟ — مەن ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا بوشىشىپ كەتتىم.

— كەچتىمۇ كەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇ تۈنۈگۈندىن تارتىپ دوختۇرخانىدا.

— نېمە كېسەل بىلەن يېتىپ قالغاندۇ؟

—باللاردىن ئاڭلىشىمچە پۇتىنى تراكتور بېسىۋاپتۇ. پەرۋەردىگار، مۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ بوۋاي سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ھازىر دېھقانلار قوناق يىغىۋاتقان مەزگىل ئەمەسمۇ، «بىلەرمەن ئەپەندى» يولدا خەق تاشلىۋەتكەنمۇ ياكى چۈشۈپ قالغانمۇ ئىشقىلىپ باش قوناقتىن ئىككى تال تېپىۋاپتۇ. ئۇ باش قوناق بولغاندىمۇ ھەم كىچىك دان ئالغان ھەم يولدا ئۆتكەن تراكتور - ھارۋىلار بېسىپ دانلىرى ئۇۋۇلۇپ كەتكەن قوناق ئىكەن، دەل شۇ چاغدا بىر تراكتور كېلىپ قاپتۇ. قارىسا تراكتورغا ئىككى كوزۇپ

چېتىلغان بولۇپ، ئالدىدىكى كوز ۋۇپقا سويۇلۇپ بولغان قوناق، كەينىدىكىسىگە پاسارلىرى بېسىلغان ئىكەن. ئۇ تراكتورچىنى توختىتىپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ: — «قولۇمدا كىچىك دان ئالغان ئىككى تال باش قوناق بار. سەن چوڭ دان تۇتقان باش قوناقتىن ئىككى تالغا تېگىشىپ بەرگىن، بۇنداقتا مېنىڭ قولۇمدىمۇ، سېنىڭ قولۇڭدىمۇ ئىككى تالدىن باش قوناق قالىدۇ، ھېچقايسىمىز زىيان تارتماي-مىز، سەندە قالىدىغان باش قوناقنىڭ دانلىرى كىچىك ھەم ئاز بولغاچقا ساڭا ھېچقانداق پايدىسى يوق، ئۇنى ماڭا بېرىۋەتكىن. بۇ ئىنتايىن ئادىل، ئېپىدە كەلگەن سودا بولىدۇ. مەن قوناقنى دادام بىلەن ئاپامنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلىغىلى بارغاندا قەبرە يېتىغا چېچىپ قويىمەن. چوڭ داننى يېگىلى چوڭ قۇشلار، كىچىك داننى يېگىلى كىچىك قۇشلار كېلىدۇ. قۇشلار قانچە كۆپ كەلسە دادام - ئاپامنىڭ روھى شۇنچە خۇش بولىدۇ. بۇنىڭ ساۋابى ساڭىمۇ بولىدۇ» دەپتۇ، — نېمە، قوناقنى بازاردىن سېتى-ۋالسا بولمامدۇ دەملا، بۇنىڭغا «بىلەرمەن ئەپەندى» چىدى-مايدۇ - دە، ئۇ شۇنى بىلىدۇكى، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش گەپلەرنى ئايماي ئىشلىتىپ نۇرغۇن ئادەمدىن سورىسا با-زارغا ئەچىقىپ سېتىشقا يارىغۇدەك قوناق يىغىلىدۇ. ئۆت-كەن يىلى مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن يىغىلغان قوناقنى بىر دېھقانغا ئەللىك كويغا ساتقاننى كۆرگەنلەر بار. ھېلىقى گەپكە كەلسەك، تراكتورچى يا تېرىكىشنى، يا كۈلۈشنى بىلەلمەي بىر ھازا تۇرۇپ كېتىپتۇ. ئاندىن ھېچنېمە دې-مەيلا بىر نەچچە تال باش قوناقنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ ئۆز

يولىغا كېتىۋېرىپتۇ. «بىلەرمەن ئەپەندى» بەرگەنگە شۇك-رى قىلماي تراكتورچىنى كۆرمەيدۇ، دەپ ئويلاپ كېتى-ۋاتقان تراكتورنىڭ كوزۇپىغا ئېسىلىپ يانچۇقىغا، قوينىغا قاچىلاشقا باشلاپتۇ. شۇ ئارىدا تراكتورنىڭ چاقى بىر كا-تاڭغا چۈشۈپ قاتتىق قاڭقىپتۇ، ئۇنىڭ قولى كوزۇپتىن ئاجراپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ، كەينىدىكى كوزۇپنىڭ چاقلىرى پۇتىدىن بېسىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ...

مەن ئىندىمىدىم. ئىشەنچكە تولغان تاتلىق خىيالىم-رىمنىڭ بىردەمدىلا بەربات بولۇپ كۆپۈككە ئايلانغانلىقى-دىنمۇ ياكى بۇ ھادىسىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئۆشتۈمتۈت تۇيۇلغانلىقىدىنمۇ نېمىدېيىشنى بىلمەيتتىم. كاللامدا خۇد-دى قالايمىقان كۆرگەن چۈشتەك پەيدا بولغان مۇرەككەپ، غۇۋا، شەكىلسىز كۆلەڭگىلەر پىرقىرايتتى. شۇ تاپتا مەن ئىشتىياق ئوتلىرىمنى ياندۇرۇپ ئىزدەپ كەلگەن ئادىمىم-نىڭ كۆتۈلمىگەن بالا - قازاغا يولۇققانلىقىغا ئېچىنىش ياكى كۆچلۈك زەربە بېرىلگەن شەخسىيەتچىلىكىمنى مەس-خىرە قىلىشنى بىلمەيلا قالغان ئىدىم.

—گېپىڭگە ئىشەنمەيۋاتامدىلا ھە،—دېدى بوۋاي،—بۇ ئەتراپتا «بىلەرمەن ئەپەندى» توغرىسىدىكى پاراڭ ھەر كۈنى چىقىپ تۇرىدۇ، تېخى ئۆتكەن ھەپتىدىلا قوشنىسى-نىڭ ئۆگزىسىدىكى ئاپتاپقا سېلىش ئۈچۈن تىزىپ قويغان قوغۇنلىرىدىن بىر تاغار قاچىلاپ پەسكە چۈشۈۋاتقان چېغىدا تاغار بىلەن بىللە چۈشۈپ كېتىپتۇ. بەختىگە تامنىڭ تۈۋ-دە خېلى جىق سامان بولغانلىقى ئۈچۈن تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ ھېچنېمە بولماپتىكەن. مانا ئەمدى، ھەي ئىسىت.

. . ئاتا - ئانىسى تېپىلماس ئادەملەر ئىدى. بۇ بالىزە.
. . بېغىدىكى ئاتا - ئانىسىدىن قالغان مېۋىلىك دەرەخلەرنى يېڭى سورتقا ئالماشتۇرىمەن دەپ ھەممىنى كېسىپ قالىۋەتتى. ئەمدى نېمە دەيدۇ، ئۇ ياراتقان يېڭى ئۇلاقچىلىق تېخنىكىسى بۇ يەرنىڭ ھاۋا كىلىماتىغا ماس كەلمەيمىش. ئاتا - ئانىسى ھايات چېغىدا قىلغانلا ئىشىدىن قۇسۇر چىقىرىپ، چالۋاقاپ جاق تويغۇزۇۋەتكەن. ئۆلۈپلا ئارام تاپتى رەھمەتلىكلەر. نەسىھەت قىلايلى دېسەك، گەپ ئاڭلايدىغان بالا ئەمەس ئۇ، بىز قانداقتۇر ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان قالاق خەق بولغاچقا، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلغۇدەك ھالىمىز يوقمىش. . .

بوۋاينىڭ كېيىنكى سۆزلىرى قۇلىقىمغا كىرمىدى، ئاستا كەينىمگە ياندىم، يۈزلىرىم لاپىدە ئوت ئېلىپ كۆيۈشكە باشلىدى. شۇ تاپتا پەيدا بولغان ھېسسىياتىم خۇددى بىز «باھادىر پالۋان» دەپ چوقۇنغان كىشى جەڭدە دۈشمەننىڭ قارىسىنى كۆرمەي تۇرۇپ رەسۋالارچە قاچقاندا بولىدىغان ھېسسىياتقا ئوخشايتتى.



# تەمەخور

مانا ئازلا قالدى. يەنە ئىككىلىك سوزۇلسام قولۇم يېتەتتى. خۇدا قوناق شېخىدەك ئۇزۇن، ئورۇق بەدىنىمنى نېمىشقا يەنە ئىككىلىك قوشۇپ ياراتمىغاندۇ؟! «غۇلىچىغا چىداپ غېرىچىغا چىدىماپتۇ» دېگەن شۇدە، ھەركىم ھەر نېمە دېگەنبىلەن بوي ئېگىز بولغانىنىڭمۇ پايدىسى باركەن ئەمەسمۇ، ماشىنىچىنىڭ يېنىغا تولا سوكۇلداپ ئاۋارە بولـ غۇچە بازاردىنلا تەييارنى ئالاي دېسەم مۇۋاپىق كەلگۇدەك كىيىم تاپالماي خاپا بولۇپ كېتىمەن. مۇرەمگە كېلىدىغان كۆڭلەك بويۇمغا كەلمىگەن، بويۇمغا كەلگىنىنىڭ مۇرە تىكىشى تاس قالىدۇ جەينىكىمگە چۈشۈپ قالغىلى.

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە ئەمدىلا چىققان قىزىم كىچىك چېغىدا ئىشتىن قاچقان ھۇرۇن ئادەمنىڭ بەدىنى مۇشۇنداق ئېگىز بولىدۇ، دەپ جېنىمنى چىقارماسمۇ؟! دېمىسىمۇ دادام كىچىك چېغىمدا ئەركىلىتىپ ئىش قىلـ دۇرماي چوڭ قىپتىكەن.

رەھمەتلىك دادام ئۇستا تامچى ئىدى. ئۇنىڭ ئىلگىرىـ كى خوتۇنى تۇغماس چىقىپ قېلىپ پەرزەنت كۆرۈشكە تەشنا بولۇپ، يېشى خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان چاغدا

ئاپام بىلەن ئۆيلۈك بوپتىكەن ۋە مەن تۇغۇلغاندىن كېيىن خۇشاللىقىدا ئانامنىڭ قولىنى سوغۇق سۇغا تىققۇزماي ئە-تىۋارلاپتىكەن. ئېسىمنى بىلسەم ئانام تېگىگە يۇمشاق كۆر-پىنى سېلىپ، بېشىغا كۈن چۈشسە سايىغا يۆتكىلىپ دادام-نىڭ ئىش قىلغىنىغا قاراپ ئولتۇرىدىكەن. مەن دادامنىڭ قېشىدا چوڭ بولغان بىلەن بىر كۈمىلاچ لاي ياكى يېرىم كېسەكنى ئۇياق - بۇياققىمۇ يۆتكەپ باقمىغان. شۇڭا قو-لۇمدا يىگىنىڭ كۆزىچىلىك قاداق - قاپارتقىمۇ پەيدا بول-غان ئەمەس.

ئۇ مەھكەم تۇتۇۋالغان تامغا قېقىپ قويۇلغان قوزۇق ئۇنىڭ چوكىدەك ئىنچىكە، ئۇزۇن ۋە گۆشسىز بارماقلىرى-غا بارغانسېرى چىڭ پاتماقتا ئىدى. ساڭگىلاپ تۇرغان بىر پۇتى ئېغىرلىشىپ، تىزما كارىۋاتنىڭ قىرغىقىغا قويۇپ ئۇنىڭ گەۋدىسىنى يۇقىرىغا ئىتتىرىۋاتقان يەنە بىر پۇتىنى تالدۇراتتى.

نەسچىلىك دېگەن شۇ - دە، ئۆيۈمدە ئورۇندۇق ياكى شۇنىڭغا ئوخشاشراق نەرسىمۇ يوق، قوشنىلاردىن سوراپ ئېلىپ چىقاي دېسەم ، يېقىندىن بېرى ئۇلارمۇ كۆز ئالدىم-دا تۇرغان نەرسىنىمۇ يوق دەيدىغان بولۇشۇۋالدى. ئەرگە بىر نۆۋەت، يەرگە بىر نۆۋەت دەپتىكەن، خەپ، ئامەت ماڭىمۇ كېلىپ قالار.

ئۇ خۇدانىڭ بىر كارامەت كۆرسىتىپ بىرنەچچە سې-كۇنتلۇق بولسىمۇ بەدىنىدىكى گۆش ۋە سۆڭەكلەرنى رې-زىنكىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشىنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلىپ كەتتى. ئەپسۇس، مۆجىزە يۈز بەردىيۇ، ئەمما ئۇ ئويلىمى-

غانلا بىر ئىش بولدى. قوزۇق ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى سىپ-سىق سۇ ئاقىدىغان زەيلىكنىڭ تەسىرىدە شورىداپ بوشاپ كەتكەن تامنىڭ تۇماقنىڭ ئاغزىدەك چوڭلۇقتىكى سۇۋاق لېيىنى قوشۇپ قومۇرۇلۇپ كەتتى. ئۇ خېلىلا قاتتىق چۇشكەن بولسىمۇ، تەلىيىگە بىرەر يېرى ئېغىر زەخىملەن-مىدى، زەخىملەنمىدى دېيىش بىلەنلا گەپ تۈگمەيدىغۇ. ئۇ ئاغرىق ئازابىدىن ئېڭىرىغىنىچە ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ كىملەرنىدۇ تىللىغاچ يەنە تىزما كارىۋاتقا چىقىپ تۇگۇلۇپ ياتتى.

مۇشۇنداق ئەھۋالغا يولۇقۇپ قالسام كايىغان - چېپ-چىلغان هالدا ئاغرىۋاتقان يەرنى تۇتۇپ - سىلاپ قويىدىغان خوتۇن هازىر يوق. ئۇ ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرۇپ بولغۇ-چە بىر كۇنلۇك جاپالىق سەپىرىنى باشلىۋەتكەن. ئۇنىڭغا ئوخشاش ئۇششاق تىجارەتچىلەرنىڭ تاپىدىغىنى تايىنلىق، لېكىن جاپاسى تولا، چار بازار دېگەن شۇنداق. توخۇ چىل-لىشى بىلەن ئۇيقۇغا قانمىغان كۆزلىرىنى يېرىم ئېچىپ ئورنىدىن تۇرۇشقا، قاغا قاق دېمەستە مېلى بېسىلغان تراكتورغا ئۇلگۇرۇپ بېرىشقا مەجبۇر، بولمىسا كىرا ما-شىنىسىغا يەنە پۇل تۆلەيدىغان گەپ، تراكتورچىدىن خاپا بولۇشقا هەققىڭ يوق. ئۇمۇ ئالدىرايدۇ - دە، كەچتە مەن بىر ئۇخلاپ ئويغانغاندا كەلگەن ۋە چارچاپ كەتكەندە قور-ساقنى چالا تويغۇزۇشقىمۇ ئېرىنىپ ئۆلۈكتەك قېتىپ ئۇخلاپ كەتكەن. قانغۇدەك ئۇيقۇ بىلەن قورساق تويغۇدەك ئىسسىق تاماق دېگەن چۇش، خىيال. خەق تىجارەتنى تىللا تۆكۇلىدىغان دەرەخ دەپ بىلەمدىكىن، پايدا ئېلىشنىڭ تەس

بولۇپ كەتكىنىگە قارىماي مۇشۇ كۈندە تىجارەتكە قىزىقىدى-
غان، ئالارمەندىن ساتارمەن كۆپ ئەھۋال شەكىللىنىپ
قالدى. سودا ئاز، رەسمىيەت ئېغىر، بەزىدە كىرا قاتارلىق
چىقىمنى كۆتۈرۈشكە ئامالسىز قالىدۇ، بۇنداق چاپا تارتىپ
نېمە كەپتۇ. ئۆيدە ئولتۇرساڭ بولمامدۇ دېسەم، بىكار
ئولتۇرسا قورساق تويامدۇ. سەن دېگەن ئامەت نېسىپ
بولغۇچە قۇم چېچەكلەپ، تۆگىنىڭ قۇيرۇقى يەرگە تېگى-
دۇ، دەيدۇ. ھېلىمۇ خۇدايىم ئادەمنى ئاچ كۆز، تويماس
قىلىپ يارىتىپتىكەن، سودىگەرنىڭ شۇنچە جىقلىقىدا يەنە
سودا بولۇپ تۇرىدىكەن. ھەر ھالدا ئۆيىنىڭ ئۇن - ياغلىرى-
نى تەمىنلەپ كېلىۋاتىدۇ. ھەممە ئادەم تىرىكچىلىك غېمى-
دە ئالدىراش بولۇۋاتسا، سەن بىكار لاغايلاپ يۈرسەن.
بىر ئىش - ئوقەتنىڭ بېشىنى تۇتمايسەن، دەپ كوتۇلداپ
بېشىمنى ئوچاق ئەتكىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ياۋاش، ئاق
كۆڭۈل مەزلۇم. نەچچە قېتىم خېتىمنى ئالىمەن، دەپ
ئالەمنى - مالەم قىلغاندا يەنە ئاشۇ جۇۋاينىمەكنىڭ يىغىسى
بىلەن پەيلىدىن ياندى. ئەمەلىيەتتە ئوقەت دېگەن مەن قى-
لىپ باقمىغان نەرسە ئەمەسقۇ. ئوي بازارنىڭ ئالدىدىكى
دادامدىن قالغان ئۆيىمىزنى ساتقان پۇلغا راسا خېرىدارلىق
قاۋاقخانا ئاچتىم. تونۇش - بىلىشلەر، چۆپقەتلەر تازا كۆ-
پىيىشكە باشلىغاندا مۇشۇ خوتۇن ھاراقنى نېسىگە بېرىپ
پۇلنى يىغمىدىڭ، ھاراقكەشلەر بىر رومكا ھاراق تۇتسا
خۇشامىتىگە ھەقسىز ھاراقنى بېرىۋېرىپ دەسمىينى تۈگەت-
تىڭ، دەپ دۇكاننى تاقاشقا مەجبۇر قىلدى. شۇنىڭدىن
كېيىن ئىجارىسى ئەرزانكەن دەپ مۇشۇ كۆرۈمسىز، ئەس-

ـكى ئۆيگە كۆچۈپ كېلىشۋالدۇق. ئۆيدىكى پۇلغا يارىغۇدەكلا نەرسىنى سېتىپ، يېتىشمىگىنىگە ئىنساپلىق تۇغقانلاردىن قەرز ئېلىپ ئۆزى چار بازارغا ماڭدى. مەن بىكار بولۇپ قالدىم، ياق، مەنمۇ بىكار ئەمەس. مەنمۇ ئۇقەت قىلىشۋاتى- مەن، مەنمۇ ئالدىراش، ئەتىگىنى ناشتا قىلىشقا ئاران ئۇلگۇرىمەن ياكى ئاچ قورساق ھالدا كىنوخانىنىڭ ئالدىدى- ـكى بىليارت مەيدانىغا يۈگۈرەيمەن. ئۇ دېگەن يوغان بىر ماگىزىت، مەن بولسام كىچىككىنە بىر تۆمۈر پارچىسى. ئۇنىڭدا بىر ئەمەس، 40 ساھىبجامالنىڭ مېھرى بار. باشقىلاردىن ئاڭلىسام، بىز خەق بارلا يەردە بۇنداق بىليارت مەيدانى تولىكەن. ئۇ يەر بەك ئاۋات بولۇپ كېتىدىكەن. بۇ يەردە چوڭلارلا ئەمەس، مەكتەپنىڭ دەرسلىرىدىن زېرى- ـكىپ قېچىپ چىققان ئۆسمۈرلەرمۇ بار. ئۇلار باشقىلارنىڭ بىليارت تاختىلىرىنى بېقىشقا ياردەملىشىپ بېرىپ ياكى بىليارتنى كۆنلۈك ئىجارىگە ئېلىپ تەستە تاپقان پۇلىغا قىممەت باھالىق تاماكىنى سېتىۋېلىپ نوچىلىق بىلەن چىشلەپ يۈرۈشلىرىچۇ تېخى، شۇنچە نۇرغۇن ئادەمنى ئۆ- زىگە جەلپ قىلغان ئۇ خاسىيەتلىك يەردىكى ھەممىلا ئادەم- نىڭ يۈرىكى پۇلدىن ئىبارەت بىرلا رىتىمدا سوقىدۇ. بىليارت تاختىسىدىكى ئالتە تۆشۈك ساتىراش ئىسمەك پۇ- چۇق سۆزلەپ ھارمايدىغان چۆچەكلەردىكى غايىب خەزىنى- نىڭ ئاغزى، ھەر قېتىملىق ئۇرۇق ئاشۇ تۆشۈكلەرگە چۈشۈۋەرسە يانچۇقۇڭ پۇلغا توشىدۇ دېگەن گەپ. لېكىن ھازىرغىچە ئۇنداق تەلەي ماڭا كۈلۈپ باققىنى يوق. قىزىم دەپتەر ئالالتىم، بىر سوم بەر دەپ يالۋۇرسا، بېرىشكە

قارنىم ئاغرىپ ئاچچىقلاپ سىلكىشلىگىنىم بىلەن كۈن كەچ بولغاندا يانچۇقۇم قۇپقۇرۇق يانىدۇ. تۈنۈگۈن ھاپىز سوقىنىڭ ئامىتى كەپتىكەن. تازا ئۇتقىلى تۇرغاندا بىر ساقچى ئۇلارنىڭ پۇل تىكىشىپ ئوينىغانلىقىنى بىلىپ قېلىپ، بىليارت ئىگىسىنى قوشۇپ ئۈچىنىڭ ھەر بىرسىدىن 200 يۈەندىن جەرىمانە ئېلىۋىدى، خۇددى مېنىڭ يۈرىكىمنى سۇغۇرۇۋالغاندەك ئىچىم ئېچىشىپ كەتتى.

ئۇنىڭ قورسىقى ئىنتايىن ئاچقان ئىدى. چۈشتە قورسىقى ئېچىپ چىدىيالمىغان بىرسى، جان تىكىپ ئېلىشىۋاتقان بۇ ناھىيىدىكى داڭلىق ئىككى «بىليارتچى»نىڭ ئويۇنىنى بىردەم كۆرەلمەي قېلىشتىن ئەنسىرەپ، بىليارتقا قاراۋاتقان بالىغا ئەللىك پۇڭ تاپان ھەققى بېرىپ ئەكەلدۈرگەن نېنىدىن قېلىنلىق بىلەن قۇلاقتەك ئۈشتاپ يېۋالغىنىچە بۈگۈن ئاغزىغا ھېچنېمە سالمىغان ئىدى. تىزى ۋە جەينىكىدىكى سۇرۇلۇپ كەتكەن يەرنىڭ ئاغرىقى سەل پەسەيگەندەك قىلدى. ھېلىقى كۆكۈش رەڭلىك لاتا تۈگۈنچەك كۈندۈزىمۇ چىراغ ياندۇرۇپ قويمىسا ھېچنېمىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايدىغان قاراڭغۇ ۋە كاتەكتەك كىچىك ئۆينىڭ ئىسلىنىشىپ قارىيىپ كەتكەن تورۇستىكى جەگىسىنىڭ ئەگرى - بۈگرى يېرىدە قىستۇرۇقلۇق تۇراتتى. ئۇ يەرگە چىراغنىڭ نۇرى ئاسانلىقچە چۈشمەيتتى.

قەلەمتىراشنىڭ دەستىسىنىڭ چوڭلۇقىدا تۇرغانلىقىغا قارىغاندا بىرەر زىخچا ئالتۇن بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭ ئىگىسى تىقىپ قويغان يېرىنى ئۇنتۇپ قېلىپ ئىزدەپ تاپالمىغان ياكى ئۇشتۇمتۇت ھادىسىگە ئۇچراش سەۋەبى

بىلەن تۇگەپ كېتىپ باشقىلارغا دەپ بېرىشكە ئۈلگۈرمى-
گەن، چوقۇم شۇنداق بولغان. چۈنكى بۇنداق ئىش نۇرغۇن
بوپتىكەن. كېيىن بۇ ئۆيدە ئولتۇرغانلار ئۇنىڭدىن خەۋەر-
سىز بولغاچقا ئاق قەغەزنى سىم بىلەن يوپۇشتۇرۇپ تورۇ-
سىنى زىننەتلىگەن. ئەگەر ھېلىقى كونى ئېلېكتر سىمى-
دىن كاشىلا چىقىپ تورۇستىكى قەغەزگە ئوت تۇتىشىپ
كەتمىگەن ۋە ئوتنى ئۆچۈرۈش جەريانىدا يىرتىلىپ ساڭگى-
لاپ قالغان قەغەزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋەتمىگەن ھەم
بۇگۈن ھېرىپ كەتكىنىمدىن تىزما كارىۋاتتا ئوڭدىسىغا
يېتىپ تاسادىپىي بايقاپ قالمىغان بولسام بۇ بايلىق يەنە
قاچانغىچە سېزىلمەي قالار ئىدى - ھە، نەچچە يىللاردىن
بېرى بىليارتتىن تارتقان زىيىنىم، كەلمىگەن تەلىيىم بى-
راقلا تۆلىنىدىغان بولدى .

ئالتۇن، ئاھ، ئالتۇن! سەن دېگەن يۈز - ئابرۇي،
سەن دېگەن ھاياتلىق نۇرى. سېنىڭ نۇرۇڭ چۈشكەن چۆل-
جەزىرە گۈلىستان باغقا ئۆزگىرىدۇ. تار يوللار كېڭىيىپ،
ئەگرى - بۈگرى، ئوي - دوڭغۇللار تەكشىلىنىدۇ. ساڭا
ئېرىشكەن ئادەمگە چەكسىز گۈزەل كېلەچەك ئىللىق قۇ-
چىقىنى ئاچىدۇ. سەن دېگەن ھەممىگە قادىرسەن. . . ئىك-
كى قەۋەتلىك كاتتا، ئازادە قورۇ - جايدا راھەتتە ياشاۋاتقان
نۇردۇن قارىي ھاجىم ئىلگىرى ئەسكى - تۈسكى نەرسىلەر-
نى يىغىپ سېتىش ئارقىلىق جېنىنى ئاران باقىدىغان،
ھېچكىم كۆزگە ئىلمايدىغان بىر چوقۇر ئىدى. كېيىن
بىرنەچچە يىل يوقاپ كېتىپ. ئىنتايىن باي بولۇپ كەل-
دى. ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋىرى بار ئۇزۇن قۇلاقلاردىن

ئاڭلىسام، ئۇ بىر كۈنى ئادىتى بويىچە قوتۇر ئېشەكنى ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن هارۋىسىغا قوشۇپ، كېرەكسىز تۆمۈر - تەسەك ۋە كونا كىيىم - كېچەك سېتىۋالغىلى كەنتمۇ كەنت ئارىلاپ كېتىۋاتسا، ئۇنىڭ قوڭغۇرىقىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ چىققان باللارنىڭ بىرى بىر كونا جىن چىراغنى ئەكېلىپتۇ ۋە ئۇنىڭ ھەققىگە ئېرىشە-كەن تۆت تال كەمپۈتنى ئېلىپ خۇشاللىقىدىن سەكرىگە-نىچە كېتىپ قاپتۇ. ئۇ، چويۈندىن ياسالغان بۇ جىن چىراغنىڭ بەك ئېغىرلىقىدىن گۇمان قىلىپ پىچاقتا قىرىپ باقسا ساپ ئالتۇن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى باشقا يەرگە ئاپى-رىپ سېتىپ پۇلغا ئايلاندۇرۇپتۇ. ھېلىقى جىن چىراغ ئەسلىدە بۇرۇنقى زاماندىكى بىر بەگدىن قالغان مىراس بولۇپ مالىمانچىلار كەلگەندە، بۇلاپ كەتمىسۇن دەپ قارا موم سۇۋاپ قويغان ئىكەن. بۇ ئىشنى كېيىنكىلەر بىلمەي-دىكەن. شۇ دۇنيانىڭ خاسىيىتىدە نۇردۇن قارىي ھاجىم ھەج قىلغىلى ئىككى قېتىم باردى. ئوغۇللىرى چوڭ سو-دىگەر، ناھىيىنىڭ ھاكىملىرى بىلەنمۇ قويۇق ئارىلىشى-دۇ. قالتىس يۈز تاپتى. جاھاندا مەنچە ئادەم يوق دېگەندەك «سانتانا» ماشىنىسىدا كېرىلىپ ئولتۇرۇپ كەتسە ھەيران قالىمەن. قايسىبىر كۈنى يولدا كېلىۋېتىپ دوقمۇشتىكى ئاشخانىنىڭ تېلېۋىزوردىن ئاڭلىغان، تېپىۋالغان بىر سومكا پۇلنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن ئەخمەقنى دەي-مىنا. ئارتۇق دۆلەت باشنى يارامتى. توۋا دەيمەن، جاھان-دىكى تەتۈر ئىشلارغا. بايلىق، مال - دۇنيا بەزىدە قوغلى-غانسېرى قاچىدىكەن. مەنمۇ بەخت- تەلەينى بىر ئۆمۈر

كۆتتۇم، ئارزۇ قىلدىم، لېكىن قوغلىدىم، سايىسىنى كۆرسىتەي دېمىدى. مەندىن بىزار بولدى، ئۆگەيلىدى. پەقەت بۇگۇنلا...

ئۇ ئاشۇ كۆكۈش لاتىنىڭ ئىچىدە ئالتۇن بارلىقىغا شۈبھىسىز ئىشىنىشكە باشلىدى. شۇ چاغدا ئالتۇنىنىڭ جەز-بىلىك، سېھىرلىك نۇرى ئۆزىنى تېخىمۇ يورۇتۇپ، ئىللى-تىپ يېقىملىق تۇسكە كىرگۈزۈگەن ئىدى. ئۆزىمۇ بىر ئاز چوڭىيىپ قالغاندەك بىلىنەتتى. ئۇنىڭ تومۇر - تومۇرلى-رىدىكى قان جانلىنىپ روھىمۇ كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى.

ئۇ ئورنىدىن تۇردى. چېلەكتىن بىر نوگاي سۇنى ئېلىپ يېرىمىنى ئىچىۋەتتى. كاللىسىغا شۇئان بىر ئەقىل كىردى - دە، چېلەكنى تالاغا كۆتۈرۈپ چىقىپ سۇنى ھويلىغا تۆكۈۋەتتى. ئاندىن ئۆيگە ئەكىرىپ دۈم قويۇپ ئۈستىگە چىقتى. يەنە بىرغىرىچ كەملەپ قالدى. ھويلىغا چىقىپ قارىۋىدى، تىكەنلىك چىتلاققا ئىلىنىپ قالغان، تۆۋى تېشىلىپ كەتكەن بىر داسقا كۆزى چۈشتى. داسنى ئەكىلىپ ئۇنىمۇ دۈم قىلىپ ئۈستىگە چېلەكنى قويدى. ئۇ بۇ چارىسىدىن سۆيۈنگەن ھالدا چېلەكنىڭ تۈۋىگە دەس-سەپ قولىنى سوزۇشىغا، داتلىشىپ، بوشاپ كەتكەن داس ئېگىلىپ چېلەك ئۆرۈلدى. بىر قېتىم كاسىسى يەرگە شۇنداق تەگدىكى، ئاغرىق پۈتۈن بەدىنىنى سىرقىرىتىۋەت-تى. بىر ھازادىن كېيىن ئىنجىقلىغىنىچە ئورنىدىن تۇ-رۇپ، داسنى ئىشىكتىن زەرب بىلەن ئاتتى، ئەمما بىر بارمىقى تۆشۈك يېرىگە كىرىپ قالغان داس قاتتىق كۈچە-نىشتىن كېيىن ئارقىسىغا يانغان قول بىلەن بىللە يېنىپ

سول پۇتىنىڭ پاقالچىقىغا تەگدى - دە، ۋايجانلىغىنىچە سول پۇتىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ قالدى.

ئاچچىقلانمىسام بوپتىكەن، شۇڭىمۇ خۇدايىم مېنى جازالىدى. بوپتۇلا، بەدەل تۆلىمەي ئىش ھاسىل بولمايدۇ. ئالتۇن تېپىۋالغان ئادەم قۇربانلىق قىلىپ قان قىلمىسا بايلىق ئۇ ئادەمگە سىڭمەيمىش، ھېچ بولمىغاندا بارمىقىنى كېسىپ قان چىقىرىش كېرەككەن. مەنمۇ ئۇنى قولۇمغا ئېلىپ شۇ زاماتلا بىر بارمىقىمنى گاچچىدە چىشلەپ قان چىقارمىسام.

ئۇ ھېلىلا داسنىڭ تۆشۈكىگە كىرىپ قالغان بارمىقىنى ئاغزىغا سېلىۋىدى، كالپۇكىغا شىلىمشىق نەرسە ئۇرۇندى. قارىسا بارمىقىنىڭ گۆشى شىلىنىپ كەتكەن.

خۇدا ئىشىمنى ئوڭۇشلۇق قىلىش ئۈچۈن ئالدىن قان قىلغۇزغان چېغى، بۇمۇ ياخشىلىقتىن بېشارەت بولۇشى مۇمكىن.

ئۇ ھويلىدىكى ماڭلىيى ئالدىغا چىقىپ كەتكەن، ئۆرۈلۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن كۆلۈڭنىڭ ئىككى تەرىپىگە قوزۇق قېقىپ قويغان ئوچاقنى بۇزدى - دە، پۇتۇنرەك چىققان كېسەكنى ئۆيگە توشۇپ ئىككى قۇردىن تىزدى. ئاندىن ئۇستىگە چېلەكنى يەنە قويدى. ئۇ ئىنتايىن خۇشال ئىدى. يۈرىكى ھاياجاندىن تېپچەكلەيتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئوچاق دېگەن نېمىتى. ئۇزاق ئۆتمەي مەنمۇ ھاجىم بولسام... كۆكۈش لاتا جايىدا تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك، راستىنلا ھاجىم بولغاندەك... سېزەتتى. كۆزلىرى پارقىرايتتى...

— ئاپلا، ئاش كەلسە، ئىمان قېچىپتۇ، دېگەندەك بىسمىللا دەپ ئاۋۋال ئوڭ پۇتۇمنى ئېلىشنى ئۇنتۇپتىمەن-دە، —

ئۇ، سول قولى بىلەن جەگە ياغاچنى تۇتتى. ئەمدى ئۇنىڭ ئوڭ قولى كۆكۈش لاتىغا بىمالال يېتەتتى. ئۇنى قىيناپ بىئارام قىلغان بەخت قۇشى كۆز ئالدىدا، قولىنىڭ ئۇچىدىلا تۇراتتى. ئۇ تۈكۈرۈكىنى يۇتۇپ، نەپىسىنى توختاتتى. تىترەۋاتقان قولىنىڭ گۆشى شىلىنغان بارمىقى ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا تەگدى. شۇ هامان نېپىز، پاختىدىنمۇ يۇمشاق بىر نەرسە تىتىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە قورسىقى ئىنتايىن يوغان بىر ئۆمۈچۈك تۇراتتى.



# گۇمان

## پرولوگ

چەكسىز ۋە گۇزەل ئالەمنىڭ قوينىدىكى ساناقسىز يۇلتۇزلار توپىغا يەنە بىر يۇلتۇز قوشۇلدى. . .

### 1

ئەر: ئۇ مېنىڭ زىمىستان قىشتا ئېرىشكەن باھارىم، ئۇنىڭ شىجائىتى، دادىللىقى ۋە پەم - پاراسىتى شادلىق ماكانىمىزنى ئاپىرىدە قىلغان. مەن بۇشادلىق ماكانىمىزنى بارلىقىم بىلەن قوغدايمەن، ئۇنىڭ چىن سۆيگۇسىنى ئۆمۈر بويى قەدىرلەيمەن.

ئايال: ئۇ مېنىڭ ھايات بېغىمنىڭ يېگانە چىنارى، ئەبەدىي سولماس گۇل - غۇنچەمنىڭ ئىپارى، ئۇنىڭ چىدامىلىقلىقى، سەۋر - تاقىتى ۋە ساداقىتى قۇياشتەك ئىللىق ئۇۋىمىزنى ياراتقان. مەن ئىللىق ئۇۋىمىزنى تاكى ئىسسىق نەپىسىم ئۈزۈلگەنگە قەدەر يۇرەك قېنىمنى سەرپ قىلىپ

ئاسرايمەن، ئۇنىڭ پاك ئەقىدىسىنى ئاداققىچە قەلبىمدە ساقلايمەن .

## 2

ئەر: ئىشتىن چۈشكەندە ئۇنىڭ ئالدىغا بارسام، گەرچە ئاۋارە بولماڭ، كەلمەڭ، دېگەندەك گەپلەرنى قىلغىنى بىلەن كۆڭلىدە ئىنتايىن خۇشال بولىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. شۇڭا بۈگۈنمۇ ئۇنى خۇشال قىلىش، ئۇنى بالدۇرراق كۆرۈش مەقسىتىدە ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتى توشۇش بىلەنلا ۋېلسىپىتنى قويۇندەك چاپتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىدارىسى تەرەپكە ماڭدىم. ئۇ ۋېلسىپىتلىق بىر ياش يىگىت بىلەن بىمالال پاراڭلاشقىنىچە ئاستا مېڭىۋېتىپتى-كەن، مېنى كۆرۈپ يېنىدىكى يىگىتكە بىر نېمىلەرنى دېۋىدى، ئۇ يىگىت ماڭاقاراپ كۈلۈمسىرەپ قويۇپ ئىت-تىكرەك مېڭىپ كەتتى. بىر قىسما بولۇپ قالدىم. ئۇ نېمىشقا قىزىرىدىغاندۇ؟ . . .

ئايال: بىزنىڭ ئىدارىغا ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن بىر يىگىت يېڭىدىن خىزمەتكە چۈشكەن ئىدى. ئۇ ئىدارى-نىڭ بەزى ئەھۋاللىرى بىلەن تونۇشلۇق بولمىغانلىقى ھەم بىز بىر ئىشخانىدا ئىشلەيدىغانلىقىمىز ئۈچۈن مەندىن كۆپ نەرسىلەرنى سورايتتى. بىزنىڭ ئۆيگە قايتىش يولىمىز خېلى يەرگىچە بىر بولغاچقا، بۈگۈن ئىشتىن چۈشكەندە ئازراق بىللە مېڭىشقا توغرا كەلدى. ئۇ مېنىڭ ئالدىمغا كېلىۋاتقاندا ئۇچرىشىپ قېلىپ، ماڭا ۋە ئۇ يىگىتكە غەلىتە

بىر نەزىرىدە قاراپ كېتىۋىدى ، بەك ئوڭايسىزلىنىپ كەت-
تىم.

## 3

ئەر: يەنە ھېلىقى يىگىت. كۆڭلۈم پاراكەندە، ئۇ
ھېلىقى يىگىتنىڭ ۋېلىسىپىتىگە مىنگىشىۋاپتۇ. ئۇنىڭ
چۈشەندۈرۈشلىرى قۇلىقىمغا كىرمىدى. كاللامدا بىر سو-
ئال ھۆكۈمران. ئۇلار نېمىشقا دائىم بىللە يۈرۈيدۇ؟ خۇد-
دى ئىش ۋاقتىدا ئەتىدىن كەچكىچە بىر ئىشخانىدا ئولتۇرۇ-
دىغان تۇرۇقلۇقمۇ بۇ يەنە ئازلىق قىلىۋاتقاندەك، كۆڭۈل-
لىرى قانائەت تاپمىغاندەك، دەسلەپتە ئىككى ۋېلىسىپىتتە
ماڭغان بولسا ئەمدى تېخىمۇ يېقىنلىشىپ بىر ۋېلىسىپىتكە
مىنگىشىش دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىپتۇ. ئۇ يىگىتنىڭ
كۈلكىسى قەتئىي خىيالىمدىن چىقمايدۇ. گويا ئۇ كۈلكى-
سىنىڭ تېگىدە چوڭقۇر بىر مەنە، كىنايە، مەسخىرە يوشۇ-
رۇنغاندەك، مېنى يۈمشاق باش دەۋاتقاندەك . . .

ئايال: ئىدارىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ناھىيە
بازىرىغا يېقىن بىر يېزىغا ئىش بېجىرگىلى باردۇق. قاي-
تىپ كېلىۋېتىپ يولنىڭ قىرغىقىغا جايلاشقان بىر باشلان-
غۇچ مەكتەپنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە بىرنەچچە بالا بىر -
بىرىنى قوغلىشىپ يول تەرەپكە يۈگۈرۈپ چىقتى. دەل شۇ
چاغ تېز سۈرئەتتە كېلىۋاتقان بىر پىكاپ بىلەن بىر يۈك
ئاپتوموبىلى ئۆز ئارا ئۆتۈشۈشكە توغرا كېلىپ يول قىستال-
غان پەيت بولغاچقا، بالىنىڭ ۋېلىسىپىتكە سوقۇلۇپ يارى-

لىنىشىدىن ئەنسىرەپ، ۋېلىسىپىتنىڭ رولىنى يولنىڭ
تېخىمۇ چېتىگە بۇراشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. بىراق ئۆ-
زۈمنىمۇ ماشىنىغا سوقۇلۇش خەۋپىدىن ساقلىمىسام بول-
مايتتى. شۇڭا ۋېلىسىپىتنىڭ رولىنى قويۇۋېتىپ ، ئۆ-
زۈمنى يانغا ئاتتىم. ۋېلىسىپىت جىددىي تورمۇزلىنىپ،
سۈرئىتى ئاستىلىغان يۈك ئاپتوموبىلغا ئۇرۇلدى - دە،
ئارقا چاق بىزە ئېگىلىپ قاپقاقلىرى ماكچىيىپ كەتتى.
قورقۇنچتىن چىرايى سۇپ - سۇزۇك بولۇپ كەتكەن گۆدەك
بالىنى كۆرۈپ، ئۇنى ھادىسىگە يولۇقۇشتىن ساقلاپ قالا-
لىغانلىقىم ھەم تىزلىرىم سۈرۈلۈپ ، ئۇشۇقۇم قاتتىق
ئاغرىغان بولسىمۇ، ئېغىر زەخىملىنىمىگەنلىكىم ئۈچۈن
شۈكرى دېدىم . شوپۇر ئەپۇ سوراپ بىزنى بازارغىچە
ئەكىرىپ رېمونت ھەققىنى تۆلىۋەتتى. ۋېلىسىپىتنى ئوڭ-
لاپ بولغۇچە كەچ قالىدىغانلىقىم ، شۇنداقلا پۇتۇم ۋېلى-
سىپىت مىنىشكە ئەپلىشىپ بەرمەيدىغانلىقى سەۋەبلىك ئۆ-
نىمىغىنىمىغا قارىماي ۋېلىسىپىتىگە مىندۈرۈپ ئەكېلىپ
قويغان ئىدى. ئۇنىڭ شۇبھى ئاربلاشقان سوغۇق چىرايى
پۇتۇمنىڭ ئاغرىقىدىنمۇ بەكرەك تەسىر قىلىپ كەتتى.
ۋۇجۇدۇمنى شۇركۇندۇرۇپ ، كۆڭلۈمنى يېرىم قىلىۋەت-
تى.

## 4

ئەر: ئويلىغىنىمدەك بولدى. ئىش ئارىلىقىدا ئۇنىڭ
ئىدارىسىغا بېرىپ ئېھتىيات بىلەن ئىشخانىسىغا كىرىۋىد-

ـدىم، يەنە شۇ ئىككىسى بار ئىكەن، ئىدارىمىزنىڭ يىللىق خۇلاسىسىنى ئىشلەۋاتىمىز دەيدۇ تېخى. كاللىسى ناھايىتى يېقىن. مېنى كۆرۈپلا بىر جەدۋەلدىكى سان- ساناقنى پەرق ئەتكىلى بولماي سىنچىلاپ قاراۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋال- غاننى بىلمەيمەنمۇ، كېيىن ئېيتالايمەن : ئۇ قانداقتۇر ماشىنىدىن ئۆزىنى ئېپقېچىپ يىقىلغان بولماستىن ، ئەك- سىچە يېزىنىڭ خىلۋەت يوللىرىدا كېتىۋاتقاندا ئۆزلىرىنى بېسىۋالالماي قالغان ھەم چاقچاق قىلىشىپ ، قىچىقلىشىپ ماڭغاندا دىققەتسىزلىكتىن يولدىن سۇ ئۆتكۈزۈش ئۇچۇن باشلام ئاچقاندا پەيدا بولغان بىرەر ئازگالغا چۈشۈپ كەتكەن گەپ . خەپ ، ھامان بىر كۈنى تولۇق پاكىتى بىلەن قولغا چۈشىدىغۇ ئۇلار .

ئايال: ئۇ ئويلىمىغان چاغدا يېنىمدا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالىدۇ. سىرتتا قىلىدىغان ئىش بولغاچقا، ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ كىرگەنمىش. سىرتتا تۈگىمەيدىغان نېمانچە كۆپ ئىشتۇ ئۇ. ئۇلارنىڭمۇ خىزمەت تۈزۈمى باردۇ. ئىش ئورنىدا مۇقىم ئولتۇرماي تۇرۇپ ، قانداقمۇ ياخشى ئىشلە- گىلى بولسۇن ، ھۆكۈمەت بەرگەن مائاشنى مەسئۇلىيەت- چانلىق بىلەن ئىشلەپ ئېلىش كېرەكمۇ ياكى ئەرزىمەس ئىشلارنى دەپ ۋاقىتنى بىھۇدە ئىسراپ قىلىش كېرەكمۇ، ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن شۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ تۇرۇۋېتىمەن. ئەر - خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر ئىشەنچ بولمىسا قانداق بولىدۇ، بۇنى نېمشقا چۈشەنمەيدىغاندۇ. خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن بىر ئىشخانىدا ئولتۇرغانغا غەيـ- ـرىي مۇناسىۋەت شەكىللىنىپ قالامدۇ. شۇم قۇزغۇن قانات

قېقىپ بەخت گۈلزارلىقىمىزغا سايە چۈشۈرۈۋاتقانلىقىنى قورقۇنچ ئىچىدە ھېس قىلماقتىمەن .

## 5

ئەر: ئايال كىشى دېگەننى چېڭ تۇتمىسا بولمايدىكەن، ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بەرمىسە بىكار ئىكەن. ئاغزىدا دەۋاتقىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە قىلىۋاتقىنىنىڭ بىردەكلىكىنى ساقلىمىقى ئاسان ئەمەسكەن. ئۇ، ئۇنى سۆيگەنلىكىمنىڭ بەدىلى سۈپىتىدە دوپپامغا جىگدە سالسا قانداقمۇ چىداپ يۈرەلەي ، ئۇنىڭ ھىيلىگەرلىكىنى كۆرۈڭ ، يېقىندىن بېرى ناھايىتى ئېھتىياتچان بولۇپ كەتتى . نېمىدېسەم شۇنى قىلىدۇ، ھەرگىز ياق دېمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ بىخۇد تۇرۇپ قېلىشقا بولمايدۇ. ئايال كىشىنىڭ نەيرەڭلىرى ئۆزى بىلەن بىللە. شۇڭا ئۇنىڭغا قەتئىي ئىشەنمىگۈلۈك ، ھوشيار تۇرسا نادان تۈلكىنىڭ تۇمشۇقىدىن ئىلىنماي قالماسلىقىدىن نېمە غەم .

ئايال: مەن خۇددى قەپەسكە مەھكۇم بولغان ئاجىز بىر قۇش . ئۇنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويماسلىقنى ئىزدەپ ئىشتىن سىرتقى ھەرقانداق پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشتىن ۋازكېچىپ ئۆيدىلا ئولتۇرۇۋاتىمەن . كۆكتات بازىرىدىمۇ كىچىككىنە ھايال بولۇپ قېلىشقا پېتىنالمايمەن . ئۇنىڭ ئاچچىقلىنىشىدىن، كىنايىلىك سۆزلەر بىلەن چېقىشىپ كېتىشىدىن قۇتۇلالمايمەن . ئۇنىڭ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ۋارقىراپ - جارقىراۋاتقان چاغدىكى تۇرقىنى كۆرۈشتىن ئىنتايىن قورقىمەن. قاملاشقان بىر يىگىت بىھۇدە كايىپ -

ئاچچىقلاپلا يۈرسە چىرايى ئەجەب ئوسال ، بەدرەڭ بولۇپ كېتىدىكەن .

## 6

ئەر : ئۇ ۋىجدانسىزنىڭ بوينى ئېمىدىگەن قاتتىق . ئۇلارنىڭ ۋەدىسى بەك چىڭ بولسا كېرەك . شۇڭا ئوتتۇردىكى غەيرىي مۇناسىۋەتنى ھېچكىمگە بىلدۈرمەي سىر تۇتۇش ئىرادىسىگە كەلگەن چېغى ، ۋۇي ، قۇۋ خۇمپەر ، قاراپ تۇرسۇن ، مەن يوشۇرۇن كۆزىتىپ بىرەر يىپ ئۇچى تاپالمىغان بولسامۇ چوقۇم قىستاپ ئىقرار قىلدۇرىمەن . قېنى ، تاياقنىڭ ئۆتمىگىنىنى ، ئاغزىنى ئېرىتىلگەن قوغۇشۇن قۇيۇپ ئېتىۋەتكەندەك داۋاملىق يۇمۇۋالغىنىنى كۆرۈپ باقاي .

ئايال : ئاچچىق تىل ـ دەشنام ، قاتتىق تاياق ماڭا بەخشەندە بولۇپ كەتكەنىدۇ. كېچە ـ كېچىلەپ سوراققا تارتىلىش ، چىدىغۇسىز قىيناق ـ ئازاب روھىمغا كۈچلۈك زەربە بەرمەكتە. ۋۇجۇدۇمدىكى قۇۋۋەتنى خوراتماقتا. ئۇيقۇسىزلىق نېرۋىلىرىمنى زەھەرلىمەكتە. خىزمەت ئۇنۇمىم تۆز سىزىق بويلاپ چىددىي تۆۋەنلىمەكتە. قويغان ـ تۇتقىنىمنى، نېمە قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلەلمەي قالىمەن . شۇڭا خۇددى كونتروللۇقىنى يوقىتىپ قويغان ماشىنا ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئۇسكەندەك بىرەر كۇتۇلمىگەن ۋەقە تۇغدۇرۇپ قويماسلىققا تىرىشىمەن. ئىلگىرىكى كۆڭۈللۈك ئائىلە قايتا تەكرارلانماس چۇش، ئەمەلگە ئاشماس خىيالغا ئايلانغان، ئۇنىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى ھەم

نېمە ئۈچۈن گۈزەل تۇرمۇشىمىزنىڭ ھازىرقىدەك تەسەۋ-
ۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكى ماڭا ئا-
يان. ئۇنى ئەسلىدىكى ھالەتكە كەلتۈرۈش نىيىتىدە دېمە-
گەن سۆز، قىلمىغان نەسىھەت -چۈشەندۈرۈشلەرمۇ قالمى-
دى. بىراق، ئۇ ئۆزىنىڭ كەتكۈزۈپ قويغان يەرلىرىنى،
خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمىدى. ئۇنىڭ ئەقلىگە،
روھىغا، قان - قېنىغا چاكىنا، رەزىل بىر ئالۋاستى بىر
خىل ئەسەبىي، ئىزى ئۆچمەس، يوقالماس «تامغا»
بېسىۋەتكەن. ئاشۇ ئىپلاس تامغىنىڭ كاساپىتىدە مەن ئۇ-
نىڭغا باشقا ئەر بىلەن چاتىقىم بار بىر بۇزۇق ئايال دەپ
تونۇلماقتىمەن. مەن تاياقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن راستىنى
ئېيتىشىم كېرەككەن، تاياق ئۆتمەيدىغان تۆمۈر ئەمەسقۇ
جېنىم. بىراق يوق نەرسىنىڭ نېمىسىنى ئېيتىمەن.
يالغاندىن ئىقرار قىلاي دېسەم نومۇسۇم، ۋىجدانىم يول
قويمايدۇ. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى كۆڭۈل تارازامنىڭ بىر
تەرىپىدىكى مۇھەببەت تېشى يەڭگىللەپ، ئەسلىدە قىلچە
مەۋجۇت بولمىغان، ئۇنىڭ ئىدىيىسىدىكى «تامغا» —
ئىبلىس كۆلەڭگىنىڭ ئۇنى ئازدۇرۇشى، بۇرنىدىن چۇ-
لۇك ئۆتكۈزۈپ يېتىلىشى نەتىجىسىدە ئىلاجسىزلىقتىن
ۋىجدانىمغا مۇخالىپ ھالدا پەيدا بولغان نەپرەت تېشىنىڭ
سالمىقى ئاشماقتا.

## 7

ئەر: بىزار بولدۇم، ھەممىدىن بىزار بولدۇم، چوڭ

ئۇمىدلەرنى كۆتكەن سۆيگۈم خارلاندى . ۋاپاسىز يار تەرد-
چىدىن دەپسەندە قىلىندى . خىزمەتتىنمۇ، ياشاشتىنمۇ
كۆڭلۈم سوۋۇپ كەتتى، ئاھ، قانداق قىلاي، بۇدەردىمنى
كىمگە ئېيتاي.

ئايال: تاغمۇ كۆتۈرۈش چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن
بېسىمغا ئۇچرىغاندا يېرىلىدۇ. ئەمدى قىلچىلىك چىداش
ئىمكانىيىتىمنىڭ قالمىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر
بولدۇم . ئۇنىڭ بىلەن ئادا - جۇدا بولۇشۇپ كەتمىسەم،
جىسمانىي ۋە روھىي زەربىلەر تۈپەيلىدىن ياشلىق باھارىم
نابۇت بولۇشى، ھېچبولمىغاندا، سارالڭ بولۇپ قالىدىغانلى-
قىم كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، بۇرنۇمغا پۇراۋاتىدۇ.
يىرىكچىلىك بۇ دەرىجىگە يەتكەندە تارتىشىدىغان ھېچنېمەم
قالمىدى . خەير، چاقماقتەك تېز غايىب بولغان بەختلىك
شادىمان كۈنلىرىم، خەير، قىسقىلا داۋاملاشقان شېرىن
مۇھەببىتىم . خەير، ۋۇجـۇدۇمنى، روھىمنى قىيما -
چىيما قىلىپ ، قاباھەتلىك چۈشتەك ئۆتكەن ئۆتمۈشۈم،
پارلاق ئىستىقبالنى يارىتىش ، كەلگۈسىگە يېڭى يول ئې-
چىش ئۈچۈن سىلەر بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم خوشلى-
شاي . . .

## ئېپىلوگ

قۇدرەتلىك تارتىش كۈچىگە ئىگە غايەت زور قارا ئۆڭ-
كۈر بۇ يېڭى يۇلتۇزنى مەڭگۈلۈككە يۇتۇۋەتتى . . .

# سۆيگۈ ئوغرىسى

## 1

غەرب ئاسمىنىدا مۆگدەپ قالغان ھىلال ئاي بىلەن نىمجان يۇلتۇزلارنىڭ سۇس نۇرى ئاران يورۇتۇپ تۇرغان يولدا بىر جۈپ گەۋدە ئاستا كېتىۋاتاتتى. نەدىندۇر تەمتىرەپ كېلىپ قالغان كېچىنىڭ سالقىن، يۇمشاق، ئىزغىرىن شامىلى دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى ئەركىلىتىپ، چىرايلىق ياسالغان چاچلارنى توزغىتىپ قاياقىقىدۇر قاچاتتى.

— جېنىم، گەپ قىلىڭچۇ؟ — قىزنىڭ ئەركىلەش ئارىلاشقان يېقىملىق ئۈنى ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ ياتقان جىمجىتلىقنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇۋەتتى.

يىگىتتىن جاۋابەن سادا ئاڭلانمىدى. بۇنىڭدىن ئەركەكلەرنىڭ يۈرىكىگە دەز كەتكۈزىدىغان نازۇك تەلەپپۇز ئۇنىڭغا تەسىر قىلمىدى دېگىلى بولمايتتى. چۈنكى ئۇ ھەيكەلدەك قېتىپ تۇرۇپ قالدى . پەقەت ئۆپكىسىنىڭ كۈچلۈك قىسىشى نەتىجىسىدە نەپەس يولىدىن ئېتىلىپ چىقىپ پەيدا قىلغان تاۋۇش ئۇنىڭ بىر تىرىك ئىنسان ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى .

— سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، جېنىم، گەپ قىلىڭە؟ — دېدى قىز يىگىتنىڭ قوللىرىنى يەڭگىلگىنە سىلكىپ.

يىگىت ئىغىز ئاچتى. ئۇنىڭ قەتئىي، تەسىرلىك خىتا-
بى كۆز تەگكەندەك ھەش- پەش دېگۈچە بۇزۇلۇپ قويۇق،
ئېغىر بۇلۇتلارنىڭ توپلىنىشى بىلەن چەكسىز قاراڭغۇلۇق-
نىڭ ئەسىرىگە ئايلانغان بوشلۇقتا، يامغۇردىن شەپە بېرىپ
كۆچىيىۋاتقان شامال، نەم ھاۋاغا قوشۇلۇپ كەتتى .
— سىزگە گەپ قىلىشقا شۇنچە تەشنامەن زىبىرەم،
پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگەكەلتۈرۈپ، ئەقلىي ھوشۇمنى
ئىگىلىگەن ئوتتەك قىزىق سۆيگۈمنى، سىزگە سادىق يۈرە-
كىمنىڭ مۆڭلۈق تىۋىشلىرىنى ئىزھار قىلغۇم ، پۈتكۈل
ئالەمگە جاكارلىغۇم بار. لېكىن، سىزنى رەنجىتىپ قويار-
مەنمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن .
— كۆڭلىڭىزدە گۇمان، تۇگۇچ دېگەن نەرسە قالمى-
سۇن رىشات، بۇ بەك خەتەرلىك، بىلسىڭىز، مەنمۇ سىزنى
ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن . قەلبىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قات-
لاملىرىغىچە يىلتىز تارتقان بۇخاسىيەتلىك مۇھەببەت دەرد-
خىنى بىر ئۆمۈر باراقسان كۆكلىتىش ئۈچۈن يۈرەك قې-
نىمنى سەرپ قىلىمەن. تۇرمۇشنىڭ ھەرقانداق بوران-چاپ-
قۇنلىرىغا تاقابىل تۇرالايمەن، چۈشىنەلمىدىم، مېنى نې-
مىشقا رەنجىتىپ قويارتىڭىزكىن؟!
— كەچۈرۈڭ، زىبىرەم، ئۆزىگە بۇقەدەر ئەقىدە باغ-
لىغان يېقىن كىشىدىن ھەرقانداق گەپ - سۆزلىرىنى يىن-
ھان تۇتۇش بىر ۋاپادار سۆيگۈ ئىگىسى ئۈچۈن جىنايەت.
بوپتۇ، مەن يۈرىكىمنى قۇرتتەك غاجاپ، روھىمنى ھال-
سىراتقان ئىشنى يوشۇرماي، سىز بايامقى ئولتۇرۇشتا قو-
لىغا قوشلاپ ئالتۇن ئۈزۈك سېلىۋالغان شادا پاچاق سودى-

گەر بىلەن كېپىڭىز تۆگمەيلا قالدى. ماڭا قاراپ قويغۇ-
دەكمۇ ۋاقتىڭىز چىقمىدى . سىزگە بارلىقىنى بېغىشلىغان
كىشىنىڭ ۋىجدانىنى ھاقارەتلىدىڭىز. بۇنى ئويلىسام ھې-
لىمۇ ئۇتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىمەن. ئۆزۈمنىڭ پانىي
ئالەمدە مەۋجۇت ئىكەنلىكىگىمۇ ئىشىنەلمەي قالىمەن.

— ۋاي سارىڭەي، شۇ گەپمىدى، — قىز كۈلدى، —
ئۇ مېنىڭ نەۋرە ئاكام، ئۇ چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرىدى-
غان ئايالىنىڭ ئۇنى داغدا قويۇپ باشقا بىرسى بىلەن ئىچ-
كىرىگە قېچىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. ئىچىم ئاغ-
رىپ تەسەللى بېرىپ قويدۇم. سىزنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇ-
رۇپ قويماي دەپ تۇرسام ئولتۇرۇش ئاخىرلىشىپ قالدى.

قىز كۈلەتتى. ئۇ، يىگىتنىڭ گۇماني خىياللىرىنى
رەھىمسىز مەسخىرىسى بىلەن يوقاتماقچى بولغاندەك توخ-
تىماي كۈلەتتى. ئۇنىڭ خۇددى بۇلاقتىن سۇ «ۋىلىق -
ۋىلىق» قىلىپ ئۇقچۇپ چىققان ۋاقتىدىكىدەك تاتلىق كۈل-
كىسى يىگىتنىڭ ۋۇجۇدىنى راھەتلەندۈرۈۋەتتى. ئۇ شۇنىڭ
بىلەن بارلىق دەرد - ئەلەملىرىنى ئۇنتۇلغاندەك بولدى.

— مەن سىز بىلەن تونۇشۇپ مۇھەببەت تورىڭىزغا
چۈشۈپ قالغاندىن بېرى خاتىرجەملىكىم بۇزۇلدى. كېيىن-
كى ھايات مۇساپەمدە سىزنى يوقىتىپ قويۇپ مەڭگۈلۈك
ھەسرەتتە قېلىشىمدىن ئەنسىرەيمەن .

— مەن مەڭگۈ سىزنىڭ، بىزنى ئۆلۈمدىن باشقا نەر-
سە ئايرىۋېتەلمەيدۇ. ئۆلۈممۇ روھىمىزنىڭ قوشۇلۇشىنى
توسۇيالمايدۇ. بىراق سىز بۈگۈنكى ئولتۇرۇشتا ياسان-
چۇق، ئاچ ئەرۋاھتەك بىر ئورۇققا تولىمۇ يېقىنچىلىق

قىلىپ كەتتىڭىز. سىزگە بارلىقىمنى تەقدىم قىلغان قىز-نىڭ غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلدىڭىز. چىرايىڭىزغا زادىلا قارىماي دەپمۇ ئويلىدىم. لېكىن بەربىر ئۆزۈمنىڭ چىدى-يالماي قالىدىغانلىقىمنى ھېس قىلىپ ئىلاجسىز ئاچچىقى-مىنى يۇتتۇم.

— سىزنى بۇنداق ئويلاپ قالىدۇ، دەپ خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىكەنمەن، زىبىرەم، ئۇ يېقىن بىر دوستۇم-نىڭ سۆيگىنى ئىدى. ئۇلار ئازارلىشىپ قاپتىكەن. دوس-تۇم ئۇچۇن ئەپۇ سوراپ قويدۇم شۇ، سىز بىھۇدە گۇمان قىلىپ ماڭا ئۇۋال قىلدىڭىز، قەسەم قىلىمەنكى، كۆزۈم پەقەت سىزنىلا كۆرۈشكە يارالغان، ئەگەر ئەكسىچە بولىدى-كەن، مەن ئۇنى ئىككىلەنمەي ئويۇپ تاشلايمەن.

— خاپا بولماڭ رىشات ، مۇھەببەت قانچە كۈچلۈك بولسا كۈنداشلىقمۇ شۇنچە كۈچلۈك بولىدىكەن . مەن كەلگۈسۈمنىڭ سىزدىن مەھرۇم بولۇپ ، ئەبەدىيلىك قا-راڭغۇلۇققا بەنت، بولۇپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ قالغان ئوخشايمەن.

— مەن سىزگە ئىشىنىمەن. ئىشەنچ مۇھەببەتنىڭ ئاساسى، ۋاپا - ساداقەت ئۇنىڭ جېنى. پاك مۇھەببەت بىلەن ياشاش— ھاياتنى مۇكەممەللىككە، گۈزەللىككە ئىگە قىلىشنىڭ مۇھىم شەرتى.

— پاك سۆيگۈ - مۇھەببەتكە ئاسىيلىق قىلىپ ۋاپا-سىزلىق، ساداقەتسىزلىك يولىدا مېڭىش بىگۇناھ ئادەمنى ئۆلتۈرۈشتىنمۇ قەبىھ جىنايەت. بۇنداق قىلمىشنى ئاللامۇ كەچۈرمەيدۇ، دوزاختا تاشلاپ ئەڭ ئېغىر ئازاب بىلەن

جازالايدۇ. مەن ئۇنداقلارنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەيمەن.
رىشات، مەن بۇگۇن كۆڭلۇمنى بىئارام قىلىپ، يۇرىكىمە-
نى قوقاستا پۇچۇلىغاندەك ئۆرتىگەن قايغۇلۇق بىر ئىشنى
سىزگەئېيتىپ، بۇنى يىگىتلىك جاسارىتىڭىز بىلەن قوبۇل
قىلىشىڭىزنى ئۆتۇنمەكچىمەن. مەن ئەتە دادامنىڭ زورى
بىلەن يېزىدىكى بىر تۇغقىنىمىزنىڭكىگە بارىمەن. بىر ھەپ-
تىدىن كېيىن بىز ئۇچرىشىدىغان ھېلىقى خىلۋەت جايدا
كۆرۈشەيلى. راستىنى ئېيتسام، سىزنى بىر ھەپتە كۆرەل-
مەي بەك جۇدەپ كېتىدىغان بولدۇم.
— سىزنى بىر كۇن كۆرمەسلىككىمۇ بەرداشلىق بەر-
مىكىم تەس بولسىمۇ سۆزىڭىزگە ماقۇل دېمەي ئامالىم
يوق. سېغىنىش يۇرىكىمنى ئامبۇردا قىسقاندەك قىيناپ،
ئاش - تاماقتىن قالدۇرۇپ، ئۇيقۇدىن بىدار بولغان چەك-
سىز ئۇزاق مىنۇتلاردا قۇياشقا، ئاي ۋە يۇلتۇزلارغا قاراي-
مەن، ھەسرەتلىك ناللىرىمنى ئېيتىمەن. چۇنكى ئۇ
سىزنىمۇ كۆرەلەيدۇ ۋە سېغىنىش ھېسلىرىمنى، ئاتەش
تىنىقلىرىمنى سىزگە يەتكۇزەلەيدۇ. مەن بۇ ئۇزاق ۋاقىتنى
كۇتۇش بىلەن ئۆتكۇزۇشكە تەييارمەن. چۇنكى ۋاقىت —
كۇچلۇك يالقۇن. ئۇ مۇستەھكەم مۇھەببەت رىشتىمىزنى
تاۋلاپ تېخىمۇ چىڭىتىدۇ . ۋاقىت — شادلىق ئەلچىسى.
ئۇ سۆيگۇ كارۋىنىمىزنى جۇدالىق دەشتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ
ۋىسال گۇلىستانىغا يەتكۇزىدۇ ۋە چەكسىز گۇزەل ئارمان
جامىمىزغا مەڭگۇلۇك قوشۇلۇشنىڭ شېرىن مېيىنى پەۋەس
تولدۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ. شۇڭا مەن ۋاقىتنىڭ سى-
نىقىنى قوبۇل قىلىشقا رازى.

سىم-سىم چۈشۈۋاتقان يامغۇر ئەمدى شارقىراپ قۇيۇ-
ۋەتتى. «يالت» قىلىپ چېقىلغان چاقماقنىڭ كۈچلۈك نۇرى
بىر تەنگە ئايلىنىپ كەتكەن ئاشىق - مەشۇقلارنى غىل-پال
يورۇتۇپ، سىرلىق تەبىئەتنىڭ موشۇ دەقىقىسىگە خىيالىي
تۈيغۇدەك بىر كۆرۈنۈشنى قالدۇرۇپلا ئۆچتى. شۇنىڭ بى-
لەن ئەڭ گۈزەل، ئەڭ نەپىس مەۋجۇتلۇق قاراڭغۇلۇقنىڭ
قايقارا ئۆڭكۈرىگە قامىلىپ، بەجايىكى بوراندا قالغان قۇم-
دىكى ئىز ۋە ئۇنتۇلغان چۈش كەبى غايىب بولغان ھاياتلىق
ئالىمىنىڭ تەنھا ئىگىسى ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ، بىر خىل
رىتىمدىكى يامغۇر شەپىسىلا قالدى...

## 2

ناھىيە بازىرىنىڭ شىمال ۋە شەرقىي تەرىپىدىن
ياي شەكلىدە ئېگىلىپ ئۆتىدىغان چوڭ ئۆستەڭنىڭ قىر-
غىقىدىكى ئاسفالت يولدا بىر جۈپ قىز - يىگىت تۇراتتى.
يىگىت ۋېلسىپىتىنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرۇپ، قىزىل سىر-
لىق، چىرايلىق ئايالچە مۇسابىقە ۋېلسىپىتىنىڭ رول تۇت-
قۇچىسىدىكى قېنىق يېشىل رەڭلىك يۇڭ يىپتا توقۇلغان
پۆپۈكلۈك قاپنى تۇزەشتۇرۇۋاتقان قىزغا ھەدەپ بىر نېمە-
لەرنى چۈشەندۇرەتتى.

— سۇبھىنۇر، سىزنىڭ بۇنچىلىك ئىشىنىمۇ توغرا
چۈشەنمەسلىكىڭىزنى ھېچ ئەقلىمگە سىغدۇرالمايۋاتىمەن.
سىزگە دېدىمغۇ، ئۇ مېنىڭ سۆيگىنىم ئەمەس، بىر دوس-
تۇمنىڭ لايىقى. دوستۇم، ئارقىڭىزدىن بارىمەن، دەپتى-

كەن، لېكىن جىددىي ئىشى چىقىپ قالدىمۇ قانداق ئۇلتۇ-رۇشقا كېلەلمەپتۇ. سىز دوستلۇق بۇرچىنى بىلمەيدىغان يەردە ئەمەس. ئۇنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويدۇم. يەنە بېشىڭىزنى چايقايسىزغۇ، ماڭا پەقەت ئىشەنمەمسىز؟ سىزچە مەن ئال-دامچى، سىزنى ئالداۋاتىمەن، شۇنداقمۇ؟ . . .

ئادەم بەك ئاق كۆڭۈل بولۇپ قالسىمۇ بولمايدىكەن. ھەممىشە باشقىلارغا ياردەم قىلىمەن دەپ، ئۆزى زىيان تار-تىدىغان گەپ. قانداق قىلىمەن، مەن شۇنداق شورپېشانە يارىلىپ قاپتىكەنمەن. . . ئۇ قىز بىلەن ھېچقانداق مۇنا-سىۋىتىم يوق دېسەم، سىز ئىشەنمەيسىز. سىزنىڭ گۇماند-ڭىزنى مەن ئېتىراپ قىلسام، ماڭا ئۇۋال بولىدۇ. ئۆزۈمـ-نى ئاقلاپ يۈرمەيمەن. ئەڭ مۇھىمى، ئەمەلىيەت ئىسپات-لاپ بەرسۇن. ئىشىنىمەنكى، ھامان بىر كۈنى مۇشۇ گەپ-لىرىڭىزگە پۇشايمان قىلىسىز.

— بۇ گېپىڭىزگىمۇ ئىشىنەي، رىشات، بىز پەقەت تۈنۈگۈن كەچتىكى ئولتۇرۇشتا تاسا ئويناۋېتىپ تونۇش-تۇق. شۇ جەرياندا ئانچە - مۇنچە پاراڭلىشىپ يۈزەكى بولسىمۇ بەلگىلىك چۈشەنچە ھاسىل قىلدۇق. لېكىن سىز مېنى تولۇق چۈشەنمەيسىز. مەنمۇ سىزنى تولۇق چۈشەن-مەيمەن. بۇ ھالەتتە سىزنىڭ تەكلىپىڭىزنى قوبۇل قىلسام بەكلا ئالدىراپ كەتكەن بولامدىمەن. ھەرقانداق بىر قىزغا نىسبەتەن بىرەر يىگىتنىڭ توي قىلىش تەكلىپىنى قوبۇل قىلىش مەسىلىسى ئۇنداق ئوڭاي بولمىسا كېرەك. چۈنكى بۇ ئۆمۈرلۈك ئىش. تۇرمۇش ئىنتايىن مۇرەككەپ، ئىنـ-چىكە ۋە نازۇك، ئۇ خۇددى لىڭشىپ تۇرغان ئارغامچىغا

دەسسەپ دەريادىن ئۆتۈشكە ئوخشايدۇ. ئەگەر سەللا دىققەت قىلمىسا مۇدۇرۇلۇپ چوڭقۇر جىلغىغا چۈشۈپ كېتىش خەۋپى كۆپ. ياشلىق، هاياتلىق دېگەن ئىنسانغا بىرلا قېتىم كېلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئوينىشىپ ئاقىۋىتى يامان يەردىن چىقىپ قالسا ھەممە تارتقۇلۇق ئۆزىمىزگىلا بولىدۇ. كونىلا «ئالدىرىغان يولدا قالار» دەپتىكەن. كېيىنكى پۇشايمان ئۆزىگە دۈشمەن. شۇڭا ئېھتىياتچان بولغاننىڭ زىيىنى يوق. مېنىڭچە، خالىسىڭىز ئارىلىشىپ ئۆتەيلى ۋە بىر - بىرىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ چۈشىنەيلى. شۇ چاغدا بىر گەپ بولار. ئەگەر ياق، هازىرلا جاۋاب بېرىسىز، دەپ تۇرۇۋالسىڭىز، ئۇ ھالدا، تەلىپىڭىزنى قوبۇل قىلالمايمەن، دېيىشتىن باشقا ئامالىم يوق.

— دېگىنىڭىز توغرا، سۇبھىنۇر، ئەۋلىيادەكلا گەپ قىلدىڭىز. مەنمۇ سىزگە ئوخشاش ئويلايمەن. بىراق شۇنىمۇ سەمىڭىزگە سېلىپ قوياي، ئىنسانلاردىكى تۇنجى تەسىرات ھېچقاچان خاتا بولمايدۇ. بۇنى دۇنيادىكى ئاتاقلىق پسىخولوگىيە ئالىملىرى ئىسپاتلىغان، يەنە كېلىپ، مەن قايتا - قايتا ئېيتقاندەك، سىزنى بۇرۇندىنلا بىلەتتىم. مەن باشقىلاردىن سۈرۈشتۈرۈپ ئەھۋالىڭىزنى ئىگىلىگەن، چۈشەنگەن، كەلگۈسىدىكى ئايالىمغا قويىدىغان تۇرلۇك تەلەپ، ئۆلچەم ۋە شەرتلىرىمگە تامامەن ماس كېلىدىغانلىقىڭىزنى ھېس قىلىپ غايىۋى ھالدا چىن كۆڭلۈمدىن ياخشى كۆرگەن. بۇ سۆيگۈ مېنى شۇنداق ئۈمىدسىزلەندۇرگەن ئىدىكى، بەئەينى ئۇششۇكنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ چېچىكى تۆكۈلۈپ كەتكەن مېۋىلىك دەرەختەك، ياش-

لىق پەسلىمنىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئىشىنەت-
تىم. ئۆزۈمنى گويا تۇمان بىلەن قاپلانغان، كۆڭلىدە
ئېزگۈ ھېسلارنى پەيدا قىلالايدىغان بىرمۇ ئالاھىدىلىكى
يوق، دۇنيادا مەقسەتسىز ھەرىكەت قىلىۋاتقان مېخانىكىلىق
ماشىنىدەك ھېس قىلاتتىم. ھەددىدىن زىيادە تارتىنچاقلى-
قىم، قىز بالىغا قەتئىي گەپ قىلىپ باقمىغانلىقىمدىن
ئىبارەت تەجرىبىسىزلىكىم، مۇھىمى سىزنى رەنجىتىپ
قويۇشتىن قورققانلىقىم ئۈچۈن سىز بىلەن تونۇشۇش ۋە
كۆڭلۈمنى ئىزھار قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان ئىدىم.
خۇداغا شۈكرى، تاسادىپىي ھالدا بىر سورۇندا ئولتۇرۇپ
قالدىم. كۆڭلۈمدىكى قاراڭغۇ تۇمانلار تارقاپ پارلاق قۇ-
ياش جامالىنى كۆرسەتكەندەك بولدى. بىرىنچىدىن، تارت-
قان ئازابلىرىم، ھەسرەت سىرتمىقىدا بوغۇلۇپ ئۆتكەن
كۈنلىرىم بارلىق ئىككىلىنىشلەرنى بىر چەتكە قايرىپ قو-
يۇشقا مەجبۇر قىلدى. ئىككىنچىدىن، بۇ پۇرسەتنى قول-
دىن بېرىپ قويسام، يەنە مۇشۇنداق دىدار مۇلاقەتكە مۇيەس-
سەر بولۇشقا زىنھار كۆزۈم يەتمىدى. ئۈچىنچىدىن، سىز-
نىڭ مۇلايىملىقىڭىز، مەسىلىلەرگە ئاڭلىق قارايدىغانلىقى-
ڭىز ماڭا تەسەللى ۋە كۈچلۈك ئىلھام بولدى. سۈبھىنۇر
مەن سىزنىڭ دەرھال بىر قارارغا كېلىشىڭىزنى، مېنى
چەكسىز بەختتىن مەھرۇم قىلماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلى-
مەن. چۈنكى ئازابلىق يۈرىكىم يەنە شۇنداق خىتاب قىلىۋا-
تىدۇكى، جاۋابىڭىزنى ۋاقتىدا ئاڭلىمىسام، ئىككىنچىلەپ
سىزگە قاراشقا پېتىنالمايمەن. ئۇ چاغدا سىز ئۆزىڭىزگە
تەلپۈنگەن پاك قەلب ئىگىسىنى خاراب قىلغان بولىسىز.

— ئەگەر كەلگۈسىدىكى ئايالىڭىزغا قويىدىغان تە-
لەپ، ئۆلچەم ۋە شەرتلىرىڭىزگە ماس كەلمەيدىغان تەلەپلە-
رىم بولۇپ قالسىچۇ؟ بىر دەملىك ھېسسىيات ئاجايىپ قىز-
غىنلىقنى پەيدا قىلىدۇ. قىزغىنلىق ئادەمنىڭ كۆزىنى
قارىغۇ قىلىپ قويۇشى مۇمكىن، سىزمۇ ئەنە شۇنداق بىر-
دەملىك ھېسسىياتنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالغان بولسىڭىز-
چۇ؟ . . . قاراڭ، خاپا بولۇپ كەتكىنىڭىزنى، چىرايىڭىز
تۇتۇلۇپلا كەتتىغۇ، ھېلىتەن كۆزىڭىزگە سەت كۆرۈنۈۋاتى-
مەنمۇ قانداق. مەن سىزگە يامان گەپ قىلمىسام يە. سىز
مەندىن يىرتقۇچ يولۋاستىن قورققاندەك قورقۇپ گەپ قىل-
مىسىڭىز مەن گەپ قىلىمەن، ئىزدەيمەن. . . مۇشۇنداق
كۈلۈپ تۇرسىڭىز باشقىچە سالاپەتلىك بولۇپ كېتىدىكەن-
سىز، يۈرۈڭ بۇ يەردە تۇرۇۋەرسەك سەت تۇرغۇدەك. بىر
دوستۇمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلەيلى، ئۇ چۈشتىن بۇرۇن
تېلېفون بېرىپ، ئۇرۇمچىگە بارىدىغان بىر تۇغقىنىغا ئۇزى-
تىش چېيى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. . .
ئۇلار ۋېلىسىپىتلىرىگە مىندى. غەرب ئاسمىنىدا ئې-
سىلىپ تۇرغان كەچكى قۇياشنىڭ خۇددى بىرەر شۇملۇققا
تاسادىپىي شاھىت بولۇپ قېلىپ ئازابلىنىۋاتقان ئاق كۆ-
ڭۈل كىشىدەك غەمكىن، ئاداققى نۇرلىرى كەڭرى سۇ
يۈزىدە جىمىرلاپ گويا قان بىلەن بويالغان سانسىز جاۋاھى-
راتلار تۆكۈلۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.
رىشات ئۆزىدىن سەل ئالدىدا كېتىۋاتقان قىزنىڭ پار-
قىراق بۇدۇر چاچلىرىغا، ۋېلىسىپىتنىڭ پىدالىغا يەڭگىل
تېپىشى بىلەن ئىگەرنىڭ ئۈستىدە رىتىملىق تەۋرىنىۋاتقان

ساغرىسىغا، ئەڭ يېڭى مودىدىكى يوپكىسى قىسىپ تۇرغان ئىنچىكە بېلىگە، ھەتتا نېپىز كوپتىسى ئىچىدىكى باغىرداق تاسمىلىرى قىسىپ تۇرغان يۇمران ئەتكە ھەۋەسلىنىپ قا-رىغىنىچە شېرىن خىيالغا چۆمدى. نېمىدېگەن چىرايلىق قىز - ھە، ئاندىن چېچەنلىكچۇ تېخى، ئاغزىنىڭ بىر قات تېرىسى چۇشۇپ قالغۇدەك سۆزلىسەمۇ ھېچبىر ئىند-دەككە كېلىدىغاندەك ئەمەس. قىز بالا دېگەن ئۆچكە يېغى دېگىنىمۇ راست، ھامان ئېرىمەي قالمايدىغۇ، زىبىرەممۇ شۇنداق بولغان، مانا ھازىرچۇ؟ مېنى شۇنچە ياخشى كۆرىد-دۇ. مەيلى يىغلاپ، قاقشاپ قالسۇن ئۇ بىچارە تەلەيسىز ئاشىق. ھايات بىرلا قېتىم كېلىدۇ. كۆڭۈل نېمىدە خۇش بولسا شۇنى قىلغۇلۇق، ئۇنداق ھوزۇرلىنىشنى بىلمىگەن-لەر ئەڭ ئەخمەقلەر-دە، مېنى دېسە، نەچچە قىز بىلەن يۈر-گەنلىكىم ئېسىمدە يوق. ئېسىمدە قالغىنى پەقەت كۆڭلۈم-نى ئاخىرغىچە ئوۋلىيالمىغان ئاشۇ قىزلارنىڭ لېۋىنى چىشلەپ دەردىنى ئىچىگە يۇتماي ئامالى قالمىغانلىقى، خالاس.

ئۇ، قىزنىڭ ۋېلىسىپىتتىن چۇشۇپ «كەلدۇق» دېگەن مەنىدە قاراپ قويۇشى بىلەن خىيالىنى ئاخىرلاشتۇردى.

تازا ۋاقتىدا كەلدىڭ، سۇبھىنۇر، — ئالدىغا پەشتاما تارتىۋالغان بىر قىز دەرۋازا يېنىدىكى ئاشخانا ئۆيدىن چى-قىپلا سۆزلەپ كەتتى، — ئۆيدىكىلەر يوق، يېتىشەلمەيلا كەتتىم. ساڭا دېگەن ھېلىقى تۇغقىنىمىز غېنىجاندىن باش-قىلار تېخى كېلىپ بولالمىدى. ئۇ بىر قىزنى باشلاپ كەپتۇ. تازىمۇ قىزىق خېنىمكەن دېگىنە ئۇ، بايا چاي

ئەكىرەي دەپ بارسام، سىزنى ئۇنداق ياخشى كۆرىمەن، مۇنداق ياخشى كۆرىمەن، دەپ ۋەدە بەرگىلى تۇرۇپتۇ. غېنىجانمۇ ئۇنى ئۇرۇمچىگە ئاپىرىدىغان بولدى. پاراڭ توختىغاندا بولدى. كىرىۋېرىپتىمەن. ۋاي خۇدا، قايسى كۆزۈمدە كۆرەي، ئۇ غېنىجاننىڭ بوينىغا ئېسىلىۋېلىپ مۇشۇكتەكلا. . . چاندۇرماي كەينىمگە ياندىم. . .

ئۇ ۋىلىققىدە كۈلۈپ كەتتى ۋە ئوڭايسىز ھالەتتە قال-غان رىشاتنى ئەمدى كۆرگەندەك ئۇنىڭغا لاپپىدە قاراپ قويۇپ ئىتتىك ئاغزىنى ئەتتى.

مۇشۇنداق ئىشنىمۇ سۆزلەپ يۈرگەن بارمۇ، تاپتاپىنى-لىق قىزغىنىۋېتىپتۇ - دە، ئىچى تارلىق قىلغانغا قارىغان-دا، ئۇنىڭمۇ شۇ يىگىتتىن تەمەيى باركەن - دە، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى رىشات ۋە ئۇلارنى كۆرۈشكە تەقەززا بولدى.

— قېنى ئۆيگە كىرىڭ، — تەكلىپ قىلدى سۇبھىنۇر گويا ئۆيدىكىلەرنى ئاگاھلاندۇرغاندەك ئاۋازىنى ئۇنلۇكرەك چىقىرىپ، ئىشىكلىرى تازا ئاچتۇرۇپ سىرلانغان پېشايۋان-نىڭ ئۇدۇلىدىكى قوش قانات ئىشىكلىك مېھمانخانىنىڭ پەردىسىنى قايرىپ.

رىشات ئۆزىنى مەغرۇر تۇتۇشقا تىرىشىپ سىپايىلىق بىلەن قەدەم ئالدى - دە، داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. يۈرىكى تارتىلىشىپ سوقۇشتىن توختاپ قالغاندەك بولدى، چۈنكى ئۆزىنىڭ «تەلەيسىز ئاشىق» ى بىلەن ئۇنىڭ «نەۋرە ئاكىسى» يېڭى كىرگەن مېھماننىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ ئورنىدىن قوزغىلىۋاتاتتى.

本书选录作者一批有特色的科幻小说作品。


مەسئۇل مۇھەررىرى: چىمەنگۈل ئاۋۇت

مەسئۇل كوررېكتورى: ئايشەم ئابدۇۋەلى

تېخنىكىلىق مۇھەررىرى: ئابلىمىت ھەسەن


# بەشىنچى قۇتۇپتىكى مەخپىيەت

ئاپتورى: باتۇر داۋۇت قۇربغار


قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى

(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)

جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەھرىر بۆلۈمىدە تىزىلدى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 1092×787مم 1/32 باسما تاۋىقى: 5.125

2002 - يىل 7- ئاي 1 - نەشرى

2002 - يىل 7- ئاي 1 - بېسىلىشى

تىراژى: 1—2500

ISBN 7 — 5373 — 1011 — 4/I. 271

باھاسى: 8.00 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ئىلشات تۇرسۇن



ISBN 7-5373-1011-4

9 787537 310116 >

ISBN 7 - 5373 - 1011 - 4

باھاسى: 8.00 يۈەن (民文) I·271